# ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، 19 ـ ئەسىر ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە سىياسەتچىسى

## جامالىددىن ئافغانى
## (1838 ـ 1897)

ئەسلى ئىسمى: سەييىد جامالىددىن مۇھەممەد ئىبنى سەفدەر ئەل ئافغانى ئەل ھۇسەينى.

غەربتە ئامېرىكىدىن ئەنگلىيەگىچە، شەرقتە مىسىردىن ھىندىستانغىچە قىلغان سەپەرلىرى، تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلىرى ۋە جەمئىيەتلىرى، ئىشتىراك قىلغان ۋەقە ۋە ھەرىكەتلىرى، قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى ۋە تالىپلىرى بىلەن 19 ـ ئەسىر ئىسلام دۇنياسى پىكىر ۋە سىياسەت تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرىدىن ئورۇن ئالغان جامالىددىن ئافغانىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى كېرەك بولغان ناھايىتى كۆپ نۇقتىلار مەۋجۇتتۇر. بۇ ئەھۋال، ئۇنىڭ سەيياھلارچە ھاياتى ۋە مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھەققىدە بېرىلگەن بىر ـ بىرىگە زىت مەلۇماتلاردىن كېلىپ چىقماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى توغرا مەلۇماتلار بىلەن بىرگە، تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان مەلۇماتلارنىڭمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىشى لازىم دەپ قارايمىز.

مەنبەلەردە، جامالىددىن ئافغانىنىڭ ھىجرى 1254 ـ يىلىنىڭ شەئبان ئېيىدا (مىلادى 1838 ـ يىل، 11 ـ ئاي) تۇغۇلغانلىقى بىردەك قەيت قىلىنغان. نەدە تۇغۇلغانلىقى بولسا، ئۇنىڭ ھەم مىللىتى ھەم مەزھىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مۇنازىرىنىڭ تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە.

www.islamyoli.net

ئافغانىنىڭ ھەمەدان يېقىنلىرىدىكى ئەسەدئابادتا تۇغۇلغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىرانلىق ۋە شىئە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار، ئۆزىنى ئۇنىڭ جىيەنى دەپ تونۇتۇرۇۋۋالغان مىرزا لۇتفۇللاھ خان (1920 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىسىملىك ئىرانلىق بىر كىشىنىڭ «شەرھى ھالۇ ئاسارى سەييىد جامالىددىن» ناملىق ئەسىرىگە، ئافغانىنىڭ ئىرانلىق بىر دوستىغا قالدۇرۇپ قويغان «مەجمۇئائى ئەسنادۇ مەدارىقى چاپىنە شودە» (1963 ـ يىل، تېھران) ناملىق ئەسەرگە، ئۇنىڭ ئىرانغا بەرگەن ئەھمىيىتى ۋە بۇ دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلىرىگە، پارسچىنى پىششىق بىلىشىگە، تۇغۇلغان يېرى دەپ قارالغان يەردە تۇغقانلىرىنىڭ تېپىلىشىغا، دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ سەفدەر بولۇشىغا، ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقان پەلسەپە، مەنتىق ۋە باشقا ئىلىملىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئىرانلىق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانماقتا. ئۇنىڭ ئافغانىستانلىق ئىكەنلىكىنى، كابۇلغا يېقىن كۇنەر بازىرىغا قاراشلىق ئەسەدئاباد يېزىسىدا تۇغۇلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرى ئارقىلىق، قارشى تەرەپنىڭ ئىددىيىسىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئافغانىنىڭ ئىرانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان نىككى. ر. كەددى، ھوما پاكدامەن، ئەلىيە كەدۇر، ئا. قۇتسىزادە ۋە باشقا شەرق ۋە غەربلىك تەتقىقاتچىلار، ئافغانى مۇخالىپەتچىلىرى، نەسرىددىن شاھتىن كېيىن ئىران رەھبەرلىكىنى قولىغا ئالغان بەزى كىشىلەر بار. ئۇنىڭ ئافغانىستانلىق ۋە سۈننىي ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ شىئە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا بولسا، ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى، بەزى تالىپلىرى ۋە يېقىنلىرىدىن باشقا، بەزى غەربلىك تەتقىقاتچىلار بار. مۇھەممەد ئابدۇھ، ئەمىر شەكىپ ئارسلان، ئابدۇلقادىر ئەل مەغرىبى، مۇھەممەد ئەل مەخزۇمى (ئافغانىنىڭ ئەسلىمىسىنى يازغان)، رەشىد رىزا، مۇھەممەد فەرىد

ۋەجدى، ئەدىپ ئىسھاق، جورجى زەيدان، ئابدۇرراھمان ئەررافىئى، ئابباس مەھمۇد ئەل ئەققاد، ئەھمەد ئەمىن، ھەيدەر بامات، مەھمۇد قاسىم، ئىرانلىق يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن مۇھەممەد ئەل قەزۋىنى، مۇرتەزا ئەل مۇدەررىس ئەل جىھاردىھى، ئىبراھىم ئەس سەفائى، ئابباس ئەل قۇممى قاتارلىق كىشىلەر ئافغانىنىڭ يېزىق ۋە ئېغىز ئارقىلىق بىلدۈرگەن ئىپادىلىرىگە (بۇ ئىپادىلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئافغانىستانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن)، ئافغانىستان تارىخى ھەققىدە يازغان بىر پارچە كىتابىغا، ئافغانىستاندا ياشاۋاتقان ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرىغا، بەزى ئارخىپلاردا قەيت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ ئافغانىستانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەلۇماتلارغا تايانماقتا. مۇھەممەد ئابدۇلقادىر ئەھمەد پېشاۋۇردا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئافغانى تۇغۇلغان يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنى ۋە دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر تۆپىلىكنىڭ ئۇستىدىكى ئۆيىنىڭ ئىزناسىنى تاپقاندى. مۇرتەزا ئەل جىھاردىھى قارشى تەرەپنىڭ (يەنى ئافغانىنى ئىرانلىق دېگۈچىلەرنىڭ) ئافغانى بىلەن ھەمەدانلىق سەييىد جامالىددىن ئەل ۋائىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئېھتىماللىقىنى ئالغا سۈرگەن بولسا، ئەسلى ئافغانىستانلىق بولسىمۇ، ئىراقتا ياشاپ ئۆتكەن غۇلام ھۇسەين ئەل مۇسەۋى بىر ئەسىرنى تاماملاش مەقسىتى بىلەن ھەمەدانغا يېقىن يەردىكى ئەسەدئابادقا بېرىپ، ئۇ يەردە شەخسەن ئۆزى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە، ئافغانىنىڭ بۇ يەردە تۇغۇلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ قارىشىچە، ئافغانىنىڭ ئىرانلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى بولغان مىرزا لۇتفۇللاھنىڭ كىتابى ئويدۇرمىدۇر. دەرۋەقە، كىتاب تەقرىزىمۇ ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. بۇ ھەقتە ئالغا سۈرۈلگەن باشقا خۇسۇسلار بولسا، ئوچۇق ۋە كەسكىن دەلىللەر ئالدىدا بىر يۈرۈش تەخمىن ئورنىغا

چۈشۈپ قالماقتا. تېخىمۇ كەسكىن دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر، ئافغانىنىڭ ئەھمەد ئاغائوغلىغا قىلغان شۇ سۆزلىرى قايىل قىلارلىق دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى لازىم: «مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ئەسلىدە مەراغالىق بولۇپ، كېيىنچە ھەمەدانغا كۆچكەنىكەن. مەن ھەمەداندا تۇغۇلدۇم، ئەمما مەن تېخى بوۋاق ۋاقتىمدا دادامنىڭ ئىشلىرى راۋاج تاپمىغانلىقى ئۈچۈن ئافغانىستانغا ھىجرەت قىلىشىمىزغا توغرا كەلگەنىكەن.» بۇ سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئازەرى تۈركلىرىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىدىيەلەرگىمۇ توغرا كەلمەكتە. ئۇنىڭ سەيىد ئۇنۋانى ۋە ھۆسەينى تەخەللۇسى نەسەبىنىڭ ھەزرىتى ھۆسەينگە تاقىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشقا تايانماقتا.

ئافغانى ئون سەككىز يېشىغىچە كابۇلدا تۇردى ۋە دەسلەپكى بىلىملەرنى ئالىم سۈپەت دادىسى سەفدەردىن ئۆگەندى. ئاندىن مەملىكەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن تىل، تارىخ، دىن، پەلسەپە، ماتېماتىكا، تىببى ۋە سىياسەت ساھەلىرىدە دەرس ئالدى. كېيىنچە، تېخىمۇ مول ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا باردى. ئافغانىنىڭ ئىرانلىق ۋە شىئە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى قەزۋىن ۋە تېھران ئارقىلىق نەجەفكە ئېلىپ بارغان. ئۇ بۇ يەردىكى مەشھۇر شىئە ئالىم ۋە مۇجتەھىد شەيخ مۇرتەزا ئەل ئەنسارىدىن دەرس ئالغان، ئىراقتا تۆت يىل تۇرغاندىن كېيىن ھىندىستانغا بارغان. بۇ يەردە ئىككى يىل تۇرغان ئافغانى ياۋروپا ئىلىم ۋە ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان، بۇرۇندىن تارتىپ كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىسلاھات پىكرى ھىندىستاندا تېخىمۇ ئۇچۇق ئىپادىلىنىشكە ۋە كۈچلىنىشكە باشلىغان. ئافغانى ھەج مەقسىتى بىلەن چىققان سەپىرىدە بىر مۇنچىلىغان مەملىكەتلەرگە يولۇقۇپ، ھەر تەبىقە ئىنسانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ھىجرى 1273 ـ يىلى

(مىلادى 1857 ـ يىلى) مەككىگە يېتىپ بېرىپ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلغان. بۈيۈك ئېھتىماللىققا ئاساسلانغاندا، بۇ ھەج مەۋسۇمىدە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىككى ھەرەمنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىرلىكى پىكرى بىخلىنىشقا باشلىغان. بىر يىل داۋاملاشقان ھەج زىيارىتىدىن كېيىن ئافغانىستانغا قايتقان جالالىددىن ئافغانى، دوست مۇھەممەدخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت خىزمىتىگە قاتناشقان. مۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن (ھىجرى 1279، مىلادى 1863)، مەيدانغا كەلگەن تەخت تالىشىش كۈرىشىدە ئافغانى قوللىغان مۇھەممەد ئەزەم ئۇتۇپ چىققان ۋە ئافغانى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن.

مۇھەممەد ئەزەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشغالىيەتچى مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كۆرمىگەن ئىنگلىزلەر، ئۇنىڭ رەقىبى شىر ئەلىگە ئىقتىسادى ياردەم بەرگەن. شىر ئەلى تەختنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەزەم ئىراندىن پاناھلىق تىلىگەن. ۋەتىنىنىڭ ھۆرلۈكى ۋە مۇستەقىللىقىگە زىيان يەتكۈزگەن ئىنگلىزلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئاددى بىر تىجارەتچى سۈپىتىدە ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئافغانىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىقى مەغلۇبىيەتكە دۇچ كەلگەن. دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنى ناھايىتى كۆركەم مۇراسىم بىلەن كۈتۈۋالغاچقا، ئۇنىڭ ھىندىستانغا يېتىپ كەلگەنلىكى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ھىندىستانغا پۇر كەتكەن. ئۇنىڭ شۇنچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىئارام بولغان ئىنگلىز ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دەرھال ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى بىلدۈرگەن. ئىنگلىزلەرگە بولغان پىغانى تېخىمۇ ئۆرلىگەن ئافغانى ھىندىستان خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەي مۇسۇلمانلار! سىلەر ئىنسان بولماي، پاشا بولۇپ قالغان بولساڭلار، سىلەردىن چىققان ۋىز ـ ۋىز ئاۋاز ئىنگلىزلەرنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتكەن بولاتتى. ئەي ھىندىستانلىقلار!

سىلەر سۇ تاشپاقىسى بولغان بولساڭلار، ئەنگلىيە ئارىلىنى ئۆز ئورنىدىن سۆكۈپ، دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتكەن بولاتتىڭلار...» دېگەندەك غەيرەت ـ شىجائەت ئاتا قىلغۇچى سۆزلەرنى قىلغان. 1870 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، مىسىرغا بارغان ئافغانى، بۇ يەردە قىرىق كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ھىجازغا بېرىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، (ئېھتىمالغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئابدۇلئەزىزدىن تاپشۇرۇۋالغان چاقىرىققا بىنائەن) ئىستانبۇلغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ تېخى ئىستانبۇلغا بارماي تۇرۇپلا، نام ـ شۆھرىتى ھەممە يەرگە يېيىلىپ بولغاچقا، ناھايىتى كاتتا ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان. ئالىملار، يازغۇچىلار ۋە ياشلار ئۇنىڭغا ھەمسۆھبەت بولغان. باش ۋەزىر ئەلى پاشا ئۇنى زىيارەت قىلغاندىن سىرت، فۇئات پاشا، سەففەت پاشا، مۇنىف ئەپەندى ۋە خوجا تەھسىن ئەپەندى قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرغان. ئۇنىڭ «بۈيۈك مائارىپ مەجلىسى» ۋە «دانىش ئەنجۈمەنى»گە ئەزا بولغانلىقى زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، تارىخچىلاردا ئۇنىڭ «دانىش ئەنجۈمەنى» گە ئەزا بولغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنمىغان. مەنبەلەردە يەنە ئۇنىڭ «يېڭى ئوسمانىيلار» بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرغانلىقىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئەمما «يېڭى ئوسمانىيلار»نىڭ ئىستانبۇلغا ئەلى پاشانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كىرگەنلىكى دىققەت ـ ئېتىبارغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى تەرەپدارلىرىنىڭ كۆرۈشكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوسمانىي دارىلفۇنۇنى» 1870 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مۇدىر خوجا تەھسىن ئەپەندىنىڭ تۈركچە، ئافغانىنىڭ ئەرەبچە، ئارىستىكلى ئەپەندىنىڭ فرانسۇزچە نۇتۇقلىرى ۋە شەيخ ئارىف ئەپەندىنىڭ دۇئاسى بىلەن ئېچىلدى. مەدرىسە ئۆلىمالىرى دارىلفۇنۇنغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. شەيخۇلئىسلام ھەسەن فەھمى ئەپەندىمۇ ئافغانىنىڭ «مائارىپ مەجلىسى» دە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا دۈشمەن

www.islamyoli.net

كۆزى بىلەن قارىماقتا ئىدى. تەھسىن ئەپەندىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا باشلانغان «خەلق يىغىلىشلىرى» نىڭ بىرىدە، ئافغانىنىڭ پەلسەپە ۋە پەيغەمبەرلىكنىمۇ سەنئەت تۈرى قاتارىدا قويۇشى، مۇخالىپەتچىلەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئەسلىدە، ئافغانى تۈركچىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى سەۋەب كۆرسىتىپ، يىغىلىشتا سۆز قىلماسلىقنى ئېيتقان بولسىمۇ، تەھسىن ئەپەندىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بىر پارچە تېكىست تەييارلاپ، مائارىپ نازىرى سەففەت پاشا، مۇنىف مۇھەممەد ئەپەندى، شىرۋانىزادە رۈشدۇ مۇھەممەد پاشا قاتارلىقلارغا ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار تېكىستنى ياقتۇرۇپ، خەلققە دوكلات بەرسە بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىغانىدى. ئافغانى دوكلاتىدا جەمئىيەتنى هايات ۋە ئېهتىياج نۇقتىئىنەزىرىدىن تىرىك بەدەنگە ئوخشىتىپ، بۇ ئېهتىياجلارنى قامدايدىغان سەنئەتلەرنى بەدەن ئورگانلىرى بىلەن، هېكمەت ۋە پەيغەمبەرلىكنى بولسا، روھ ۋە جان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، هېكمەتكە مەرىپەت ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، هاكىمنىڭ بەزىدە خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ دىنغا قارشى سۆزلىرىگە بويسۇنماسلىق كېرەكلىكىنى، پەيغەمبەرلىكنىڭ بولسا، ئاللاهنىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلغانىدى. مۇخالىپەتچىلەر ئۇنىڭ دوكلاتىدىكى: «پەيغەمبەرلىك سەنئەتتۇر» دېگەن سۆزنىلا تۇتۇۋالغان بولۇپ، ھەسەن فەھمى ئەپەندى ئافغانىنى كاپىرغا چىقاردى. دەرس ۋەكىلى خىلىل فەۋزى ئەپەندىمۇ شەيخۇلئىسلامنى قوللاش مەقسىتىدە «ئەس سۇيۇفۇل قەۋاتى» ئىسىملىك بىر پارچە رىسالە يازدى. شەيخۇلئىسلام ۋەز ۋە خۇتبىلەر ئارقىلىق جامائەتنى كۈشكۈرتتى، ئەمما ئافغانى ئوتتۇرىدا چارىسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى پاشا ئافغانىنىڭ دۆلەتتىن چىقىپ كېتىشىگە قارار بەردى. بۇ پىتنىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن «خەلق يىغىلىشى» توختىتىلدى ۋە

خوجا تەھسىن ئەپەندى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. شۇ مەزگىللەردە ئەدلىيە نازىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، سەففەت پاشا ۋە ئافغانى بىلەن خۇسۇسىي سۆھبەت ئېلىپ بارغان ۋە ئافغانىنىڭ دوكلات تېكىستىنى ئوقۇغان جەۋدەت پاشا، كېيىنچە سۇلتان ئابدۇلھەمىدكە سۇنغان بىر پارچە دوكلاتىدا ئافغانىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان ۋە ئۇنىڭ ھەققىدىكى پىتنىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئافغانى ئىستانبۇلدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققۇچىلاردىن بىرىنىڭ شەيخۇلئىسلام ۋە دىن ھەققىدە ئېيتقان سۆزىگە قارىتا: «مىللەت دىنسىز ۋە دۆلەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ ئىككى ئامىلنىڭ ئۇلى ھەق ۋە كېرەكلىك بولۇشى بىلەن باراۋەر، دىن خۇراپىيلىق بىلەن، دۆلەت بولسا، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىستىبداتى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم. قانۇن سۇلتاننىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن يولغا قويۇلۇشى لازىم» دەپ جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، تېخى ئۇ دەۋرلەردىن ئېتىبارەن دىن، دۆلەت ۋە مىللىي ئىرادە ھەققىدىكى مۇھىم چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئافغانى، 1871 ـ يىلى مەلۇم مەزگىل دەم ئېلىش ئۈچۈن قاھىرەگە باردى. ئەمما باش ۋەزىر رىياد پاشانىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭغا ئايلىق مىڭ قۇرۇش مائاش بىلەن بىر قورو جاي ئايرىپ بېرىشى، ئەتراپىغا يىغىلغان ئوقۇغۇچى ۋە مەستانىلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى، ئۇنى مىسىردا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئافغانى مىسىردا تۇرغان سەككىز يىل جەريانىدا، جۇمە كۈنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەزھەرگە بارمايتتى، دەرسلىرىنى ئۆيدە ئۆتەتتى ۋە «پوچتا قەھۋەخانىسى» دىكى سۆھبەتلەرگە قاتنىشاتتى. دەسلەپتە ئىلمىي پەنلەردىن باشلانغان دەرسلىرىگە، ئاستا ـ ئاستا سىياسىي دەرسلەرمۇ قېتىلدى. ھىدىۋ ئىسمائىل پاشا مۇستەبىت، زالىم ۋە ئىسراپخور

بولغــانلىقى، دۆلەتنــى قەرز ۋە مــۇنقەرزلىككە مــۇپتىلا قىلغــانلىقى ئۈچۈن، ئافغانى ئۇنىڭغا مۇخالىپ چىقتى. ھــدىۋنىڭ ئــوغلى تەۋفىــق بىــلەن مــۇھەممەد ئەلىنىـــڭ ئــوغلى ھەلىــم ئارىــسىدىكى رىقــابەتتە تەۋفىقنـــــى قوللىـــــدى. مىـــــسىردا ۋە باشـــــقا يەرلەردە «ماســـــون تەشــكىلاتلىرى»[1]نىــڭ پائالىيەتلىرى ھەققىــدە مەلۇمــات ئالغانــدىن كېيىـن، ئــۆز مەقــسىتىنى ئەمەلــگە ئاشــۇرۇش ئۈچــۈن «ئىــسكوچ (ئىــسلاندىيە) ماســون تەشــكىلاتى»غــا كىــردى. بــۇ تەشــكىلاتنىڭ سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقى ھەققىــدە چىققــان مۇنازىرىــدىن كېيىــن، تەشــكىلاتتىن چىقىرىلــدى. شــۇندىن كېيىــن، ئــۇ «فىرانــك گىرانــد ئورىيەنــد» قارمىقىــدا مىللىــي تەشــكىلات قــۇردى. بــۇ تەشــكىلاتنىڭ ئەزاســى كۇنــدىن كــۇنگە كۆپىيىــپ كەتتــى. مــۇھىم شەخــسلەر، بەزى ئالىملار ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بــۇ تەشــكىلاتقا ئەزا بولــدى. ئافغانىنىــڭ تەكلىپى بىلەن، تەشكىلاتنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى ۋە ھەربىر شۆبىگە بىــردىن مىنىـــستىرلىكنىڭ ئىـــشلىرىنى كـــۆزىتىش ۋەزىپىـــسى تاپشۇرۇلدى. قالايمىقان ئىشلىتىلگەن ئىقتىساد تەكشۈرۈلۈپ تەنقىــد قىلىنىـــپ، يىغىلىــش ۋە مەتبۇئــات ئــارقىلىق خەلقــقە ئۇقتۇرۇلــدى. كۆپ ئۆتمەي، دادىسىنىڭ ئورنىغا چىققان ۋە بــۇ تەشــكىلاتنىڭ ئەزاســى بولغــان تەۋفىــق، ئافغــانى ۋە تەشــكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرىــدىن بىــزار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئافغانى بىلەن خۇسۇسىي سۆھبەت ئېلىــپ بېرىــپ، جاھالەتلىك جەمئىيەت ئۈچــۈن بــۇ خىــل پائالىيەت ۋە ئىــسلاھاتلارنى ئېلىــپ بېرىش ۋاقتىنىڭ تېخى يېتىــپ كەلمىگەنلىكىنــى ئېيتتــى. ئەمما ئافغــانى ئۇنىــڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىــپ، خەلقــقە ئىمكــانىيەت، ھۆرلــۇك ۋە مەجلىــس يــولى بىــلەن ئىــداري ئىــشلارغا ئارىلىـــشىش پۇرستى بېرىلىشى كېرەكلىكىنــى ئوتتۇرىغــا قويــدى. تەۋفىــق پاشــا ھەم بۇ سۆھبەتتىــن مەمنۇن بولمىــدى ھەم ئافغانىغــا بولغــان ئىچكــى

[1] «ماسون تەشكىلاتى»: فرانسىيىلىك

ھېسسىياتىنى مەخپىي تۇتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئافغانىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ياقتۇرمىغان ئىنگلىز ھۆكۈمىتى، كونسۇلخانا ئارقىلىق تەۋفىق پاشادىن ئافغانىنىڭ دۆلەتتىن چىقىرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەت بىر ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئافغانىنىڭ ياشلارنى تەشكىللەپ مەخپىي تەشكىلات قۇرغانلىقى ھەققىدە بوھتان چاپلاپ، خەلقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىنى چەكلىدى ۋە ئۇنىڭ دۆلەتتىن چىقىرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ئافغانى مىسىردىكى سەككىز يىللىق ھاياتىدىن مۇھىم ئىش ئىزلار، تالىپ ـ شاگىرتلار ۋە قوللىغۇچىلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۇچىنچى قېتىم ھىندىستانغا سەپەر قىلدى. ھەيدەرئابادتا ”تەبىئەتشۇناسلىققا رەددىيە“ تېمىسىدا بىر كىتاب يازدى. ئافغانى سەييىد ئەھمەد خاننىڭ دىن ھەققىدە ئېيتقان پوزىتىۋىزىملىق سۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن زىيانلىق، ئەمما ئىنگلىزلەر ئۇچۇن كۆپ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىك ھەققىدە بىر كىتاب يازغانلىقى، ئەمما كىتابى مۇسادىرە قىلىنغانلىقى ئۇچۇن يوقاپ كەتكەنلىكى ئېيتىلماقتا. ئىنگلىزلەر بىر تەرەپتىن، مىسىردا مەيدانغا كەلگەن ئۇرابى پاشا ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۇچۇن (1882ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى) مىسىرغا تۇركۈم ـ تۇركۈملەپ ئەسكەر ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئافغانىغا ”مىسىر ئىسيانىنىڭ زەپەر قازىنىشى ئۇچۇن ھىندىستان خەلقىنى ئىنگلىز ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈشكۈرتتى“ دەپ قارىلاپ، ئۇنى كالكۇتتادا نەزەربەند ئاستىغا ئالدى. مىسىر ئىسيانى باستۇرۇلۇپ، ئىنگلىزلەر ھۆكۈمەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئافغانىنى ھىندىستان چېگرىسىدىن چىقىرىۋەتتى. باشقا بىر كۆز قاراشقا قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاۋۋال ئەنگلىيەگە، ئاندىن فرانسىيەگە كەتكەن.

ئافغانى ھىندىستانغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرقى قېتىم ئايرىلىشى بىلەن ئاياغلاشقان ھاياتىنىڭ

بۇ قىسمىدا (ئىككىنچى قىسمى) ئۆز مەقسىتىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ مەزگىل ئىچىدە، ئۇنىڭ سىياسىي كىشىلىكى ئىلمىي كىشىلىكىدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇردى. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە راۋاجلىنىشى، دىنىنىڭ زامان ئېھتىياجىغا قاراپ شەرھلىنىشى ۋە تەسىرچانلىقىغا ئىگە قىلىنىشى، خەلقنىڭ رەھبەرلىك قورۇلمىسىغا قاتنىشىشى، ئىستىبداتقا قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىشغالىيەتچى سىياسىتىگە قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سىياسىي پائالىيەتلىرى ئىدى.

جامالىددىن ئافغانى ھاياتىنىڭ 1883 ـ يىلىدىن ۋاپات بولغىچە (1897 ـ يىل) داۋاملاشقان ئۈچىنچى قىسمىدىكى پىكىر ۋە پائالىيەت ساھەسى پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىن ۋە سىياسەتتىكى ئورتاق مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. ئافغانى ھاياتىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا مەلۇم دۆلەتنى ئەجنەبى بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مىللىي ئاڭنى ئويغىتىش ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈشكە تىرىشقان بولسا، ئاخىرقى قىسمىدا بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى ئارىسىدا مۇستەھكەم مۇناسىۋەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەر تەرەپلىمىلىك ھەمكارلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ھۆرلۈك، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلام بىرلىكى ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تىرىشتى. ئافغانىنىڭ ئاۋۋال ئامېرىكىغا بارغانلىقى ۋە ئامېرىكا گىراژدانلىقىغا ئۆتمەكچى بولغانلىقى، ئەمما كېيىنچە بۇ پىكىردىن ۋاز كېچىپ، لوندونغا كەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىسىمۇ، بۇ رىۋايەتنىڭ راست ـ يالغانلىقى گۇمانلىقتۇر. ئافغانى ئەنگلىيەدە كۆپ تۇرمايلا فرانسىيەگە ئۆتۈپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، مىسىرلىق ۋە ھىندىستانلىق تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» ناملىق جەمئىيەتنىڭ ”ئەركىن دۆلەتتە ئەڭ شەرەپلىك تىل

(قۇرئـــان تـلـــى) بـــلـەن“ چـقـرـــشنى ئۇيلـغـــان گـېزـتـنـــڭ مـەسـئۇللـقـنـى ئـۆز ئۈسـتـگە ئالـدى. ئانـدىن، ئـۇ كـۆنلـەردە سـۇرگۈن قـلـنـغـان شـاگـرتى ۋە دوسـتى مـۇھـەمـەد ئابـدۇھنى جـەمئـىيـەتـنـڭ نامـدا چـقـرـلـۋاتقان گـېزـتـنـڭ بـاش يازغۇچـسى قـلـش ئۈچـۈن بېيرۇتـتـن پارىژغا تـەكلـپ قـلـدى. ئافغـانى بـلـەن ئابـدۇھـنـڭ بـر ئاساسـقا تايـنـپ تـۈرۈپ تەرەققـي قـلـدۇرغان جـەمئـىيـتـنـڭ نـشانى شـۇكى، ئـۇلار قۇرمـاقچى بولغـان شـۆبـلـرى ۋە جـەمئـىـيـەت ئەزالـرـنـڭ يـاردىمى بـلـەن گـېزـت نەشـر قـلـش، تـارقـتـش، بـۇ ئـارقـلـق مۇسـۇلمانلارغا ئـلـم ئـۆگـتـش، شـەرق مـلـلەتلـرـنـى ئويغـتـپ، ئـۇلارنى غەرب مۇسـتـەملـكـچـلـرـنـڭ بويۇنتۇرۇقـدىن قۇتۇلـدۇرۇش، ئـسـلام دۆلـەتلـرـدە زامانـنـڭ ئېھتـياجـغـا لايـق شـەكـلـدە ئـسلاھات ئېلـپ بېرش ئىدى. جـەمئـىيـەت مـەخـپـي بولۇپ، جـەمئـىيـەت ئەزالـرـنـڭمۇ مـەخـپـيـەتلـكـنى ساقلايدىغانلـقـغا، ئـش ـ ھـەرىكـەتلـرـنـى شـەرتـسـز ھالـدا قۇرئـان ھـۆكـمى بـلـەن ئېلـپ بارىدىغانلـقـغا، ئـسلام قېرـنداشـلـقـنى بەرپـا قـلـش ئۈچـۈن بـر كـشلـك ھـەسـسە قوشـدىغانلـقـغا قـەسـەم ئـچـشى تـەلـەپ قـلـنـاتتى. جـەمئـىـيـەت ئەزالـرـدىن يـغـلـغـان مـاددىي يـاردەم ئـارقـلـق نـەشـر قـلـنـغـان گـېزـت ئوقـۇرمـەنلـەرگـە بـەدەلـسـز تارقـتـلـدى. جـەمئـىـيـەت ۋە گـېزـت غـەرب ۋە شـەرقـتە ناھـايـتى زور تـەسـر قوزغـاپ، كـۆپلـگەن كـشـنـڭ دىققـتـنـى ئـۆزىگە جـەلـپ قـلـدى. بۇ ئارىدا، ئـنـگلـزلـەر ئافغانـنـى ئەنگلـيـەگە تـەكلـپ قـلـپ، سـۇداندا ئوتتـۇرىغـا چـققـان مـەھـدى ھـەرىكـتـنـڭ باستۇرۇلۇشـى، رۇسـلارغا قارشـى بـرلـەشـكـەن تـۈركـيـە، ئـران ۋە ئافغانـسـتانـدىن ئـبـارەت ئـسـلام دۆلـەتلـرى بـلـەن ئـەنگلـيـە ئارـسـدا ئـتـتـپـاق قۇرۇش قاتارلـق مـەسـلـلـەر ھەققـدە سۆھـبـەت ئېلـپ باردى. ئافغانى ئـەنگلـيـەنـڭ ئـكـكـنچى قېتـمـلـق تـەكلـپـگە دوسـتى مـۇھـەمـەد ئابدۇھـنـى ئـەۋەتتى، بۇ قـېتـم ئاسـاسـەن مـسـر مـەسـلـسـنـڭ ھـەل

قىلىنىشى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. ئىنگلىز ھۆكۈمىتى مەزكۇر گېزىتنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرىگە كىرىشىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچى سىياسىتىگە پايدىسىز دەپ قارىغاچقا، گېزىتنىڭ مىسىر، ھىندىستان، ھەتتا ئوسمانىيلار دۆلىتىگە كىرىشىنى چەكلەشكە ئۇرۇندى. مىسىردا بۇ ھەقتە قارار چىقىرىلىپ، گېزىت چەكلەندى ۋە گېزىتنى تەرك ئەتمىگەنلەرگە ئېغىر ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى. تۇنجى نەشرى 1883 ـ يىل 3- ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باشلانغان گېزىت، ھەرخىل بېسىم ۋە توسالغۇلار تۈپەيلىدىن ئاران 18 سان نەشر قىلالىدى. گېزىت توختىتىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئابدۇھ بېيرۇتقا قايتتى، ئافغانى مەلۇم مەزگىلگىچە پارىژدا تۇردى.

«ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا»دا ۋە ياۋرۇپادىكى باشقا گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، ئەرنەست رىنان بىلەن گېزىتلەردە يېزىشقان مۇنازىرىسى بىلەن داڭق چىقارغان ۋە پارىژدا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئافغانى، ئۆز پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە دۇنيا ساياھىتىگە چىقتى؛ شۇ مەزگىللەردە، ئىران شاھى نەسرىددىنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەرەبىستانغا بېرىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئىرانغا كەتتى. دەسلەپتە شاھ ۋە دۆلەت ئەركانلىرى ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈردى. شاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇشاۋىرى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ھەربىي ئىشلار نازىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇندىن باشقا، ئىرانلىق زىيالىلار ئافغانىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىدىن پايدىلاندى. ئافغانى شاھ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ۋە خۇسۇسىي سۆھبەتلىرىدە دۆلەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە خەلقنىڭ ئىدارىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى ھەققىدە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شاھ بىلەن زىتلىشىپ قالدى. ئۆزىگە بىر قىلتاق قۇرۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئافغانى، دەرھال

دۆلەتتىن ئايرىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ئافغانىنىڭ بۇ قېتىملىق نىشانى رۇسىيە ئىدى.

ئافغانى رۇسىيەدە 1886 ـ يىلىدىن 1889 ـ يىلىغىچە تۇردى، ئەمما ئۇنىڭ رۇسىيەدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ رۇسلارنى ئوسمانىيلار دۆلىتى، ئافغانىستان ۋە ئىرانىنىڭ ياردىمى بىلەن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئىنگلىز ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەشۋىق قىلغانلىقى، رۇسلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى 30 مىليون مۇسۇلماننىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىغانلىقى، قۇرئان كەرىم قاتارلىق بىر يۈرۈش دىنىي ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن چار پادىشاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغانلىقى ئېھتىماللىقتا. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ياقتۇرمىغان چار پادىشاھ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تەلىمات بېرىپ، ئافغانىنىڭ دۆلەتتىن چىقىرىلىشى ھەققىدە يارلىق چىقاردى. ئافغانى رۇسىيەدىن ئايرىلىپ، پارىژ يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن فرانسىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. مىيۇنخىنغا كەلگەندە، ئىران شاھى نەسىرىددىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. شاھ ئۇنى باش ۋەزىر قىلىش ۋەدىسى بىلەن ئىرانغا قايتا تەكلىپ قىلدى. ئافغانى شاھنىڭ زورلىشى بىلەن ئىرانغا باردى. ئافغانى ھۆكۈمران تەبىقىگە بولغان پىكىر ۋە ئىسلاھات تەكلىپلىرىدە چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يەنە شاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئافغانى «مۇقەددەس ماكان» شاھ ئابدۇلئەزىمنىڭ مەقبەرىسىدە پاناھلىنىپ، بۇ يەردە دەرس ۋە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما نەسىرىددىن شاھ بۇ مۇقەددەس يەرنىڭ ھۆرمىتىگىمۇ پەرۋا قىلماستىن، بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتىپ، قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقىدا ئافغانىنى بۇ يەردىن چىقاردى ۋە بەسرە تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، چېگرىدىن چىقىرىۋەتتى. شۇندىن ئېتىبارەن، ئافغانى شاھ ھەققىدە ناھايىتى ئېغىر گەپلەرنى قىلىشقا ۋە خەلقنى

كۆشكۆرتۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنچە شاھنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سەۋەبچىسى دەپ قارالدى.

ئافغانى ئوسمانىيلار دۆلىتىگە قاراشلىق بەسرە رايونىغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن داۋالانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىران ئۆلىماسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شاھنىڭ ئەجنەبىيلەرگە بەرگەن ئىمتىيازلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى تاماكا ئىمتىيازىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 1891 ـ يىلى بەسرەدىن ئەنگلىيەگە بارغان ئافغانى، لوندوندا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، ھەرخىل ئىنگلىز گېزىتلىرىدە ۋە نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينىغان «زىيائۇل ھافىقەين» ناملىق ھەپتىلىك ژورنالدا ئىران شاھىغا قارشى ئەسەرلەر يازدى. ئۇنىدىن باشقا، ئەڭ مۆتىۋەر شىئە ئۆلىماسىغا مەكتۇب يېزىپ، شاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى. شاھ ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەق بولالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىنچى ئابدۇلھەمىدخاندىن ئۇنى ئىستانبۇلغا جەلىپ قىلىپ، قاماقتا ئېلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئۇنى ئىستانبۇلغان تەكلىپ قىلىشىنى، ئىران شاھىنىڭ تەلىپىگە باغلاپ چۈشىنىش خاتالىقتۇر. ئافغانى 1870 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن، سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانغا يېقىنلىشىش ئارزۇسىدا، ئۇنىڭ سىياسەت ۋە پىكىرلىرىگە ئۇيغۇن شەكىلدە يول تۇتقانىدى ۋە 1880 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا مەكتۇب يوللاپ، ئىسلام بىرلىكى دەۋاسى ئۈچۈن ياردەملىشىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. سۇلتان ئابدۇلھەمىدخانمۇ ئافغانىنىڭ داڭق، تەسىر دائىرىسى ۋە قابىلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. نىھايەت، ئافغانى لوندون ئەلچىسى رۇستەم پاشا ئارقىلىق ئىستانبۇلغا تەكلىپ قىلىندى. بىرىنچى قېتىملىق تەكلىپكە ئۆزرە بىلدۈرۈپ رەت قىلغان بولسىمۇ، ئىككىنچى

قىيتىملىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئىستانبۇلغا باردى. ئافغانى ئىستانبۇلدا ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىندى. سۇلتان ئۇنىڭغا تەشۋىقىيەدە بىر قورو جاي، بىر پەيتون بەردى ۋە يۇقىرى مائاش باغلاپ بەردى. ئۇنىدىن باشقا، ساراي قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىش تەكلىپى بېرىلگەن بولسىمۇ، ئافغانى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىدى. ئافغانى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا ئەتراپىغا ئادەم توپلىدى. ئالىملار، ئەدىبلەر، سىياسەتچىلەرنىڭ مەجلىسلىرىگە، بولۇپمۇ، رامىزان ئايلىرىدا سوھۇرغىچە داۋاملىشىدىغان سۆھبەتلەرگە داۋاملىق تۈردە قاتناشتى. بۇ ئارىدا، سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئىسلام بىرلىكى ۋە سۈننىي ـ شىئە بىرلىشىشى ھەققىدە دوكلات تەييارلىدى. بۇ مەقسەت بىلەن قۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتىن پايدىلىنىپ، سۈننىي ـ شىئە بىرلىشىشى ۋە ئىسلام بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان مەكتۇبلارنى يازدى ۋە يازدۇردى. 600 پارچىغا يېقىن مەكتۇپ ئەۋەتىپ، 200 پارچىغا يېقىن جاۋاب تاپشۇرۇۋالدى. ئەمما ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا قارىتىلغان بۇ پائالىيەتلەردىن ئەندىشە قىلغان ئىنگلىزلەرنىڭ سۇلتانغا بېسىم ئىشلىتىشى، ئافغانىنىڭ «ياش تۈركلەر» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ژورناللار، ئىران شاھىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى (ئۆلتۈرۈلۈشى)دە ئۇنىڭ قولى بارلىقى توغرىسىدىكى تۆھمەتلەر، ئابدۇلھەمىدخاننىڭ شىئەلىك بىلەن قارىلىنىش ئەندىشىسى قاتارلىق ئامىللار ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسالغۇ بولدى. سۇلتان ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختاتتى. ئافغانى تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى ۋە دۆلەتتىن ئايرىلىش تەلىپى رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئىراننىڭ ئافغانىنى ئىران پۇقراسى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىرانغا قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدىكى تەلىپى رەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا مېھمان سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىندى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ئافغانىغا ياردەم

قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى قوغدىغانىدى، ماختىغانىدى ۋە ئۇنىڭغا: «ئىجتىهادلىق، بۈيۈك ئالىم» دەپ باها بەرگەنىدى. جامالىددىن ئافغانى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى ۋە 1897 ـ يىل 3 ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. مېيىتى ئىستانبۇل ماچكادىكى شەيخلەر مازارلىقىغا دەپنە قىلىندى. هازىرقى ئىچى قۇرۇق مازىرى 1926 ـ يىلى چارلېس كرون ئىسىملىك ئامېرىكىلىق بىرى تەرىپىدىن ياسىتىلدى. 1944 ـ يىلى، ئافغانىستان هۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ئۇستىخانلىرى تۇغۇلغان يېرىگە (ئافغانىستانغا) نەقىل قىلىندى.

## ئېتىقادى ۋە ئىدىيىسى

ئوسمانىيلار دۆلىتى زەئىپلەشكەن، ئىسلام دۇنياسى بىرلىك ۋە پۈتۈنلۈكىنى يوقاتقان، بىلىم ۋە تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلاشقان، غەربلىكلەر ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، سىياسىي ۋە مەدەنىي تەسىر دائىرىسى ئاستىغا ئېلىۋالغان، خۇراپە، بىدئەت ۋە جاهالەت مۇسۇلمانلارنى دىنىنىڭ ئەسلى ماهىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن بىر مەزگىلدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە بىر مۇنچىلىغان ئىلىم ـ ئىرپان مەركەزلىرىدە كۆپلىگەن ئۇستازلاردىن هەر تۈرلۈك ئىلىم ئۆگىنىپ، زامانىغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئافغانىنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيە دۇنياسى بۇ ماددىي ۋە مەنىۋي ئىقلىم ۋە شارائىتلار ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە پىشىپ يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئېلىپ بارغان ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى يازغانلىقى

ئېنىق بولغان ئەسەرلىرىدىن بىرى «ئەررەد ئەلەد دەھرىيىين» نامى بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان «ھەقىقەتۇل مەزھەبى نەيچەرى»، يەنە بىرى «تەتىممەتۇل بايان» ناملىق ئافغانىستان تارىخىدۇر. «ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» گېزىتىدىكى ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ماقالىلەردىكى پىكىر - ئىدىيەلەر ئافغانىغا مەنسۇپتۇر. ئاندىن (ئافغانىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى) ئېنىقلىق دەرىجىسى سەل تۆۋەن بولغان، مەھزۇمىنىڭ «خاتىرات»ى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرنىست رېنانغا يازغان جاۋاب مەكتۇبلىرىنىڭ تېكىست ۋە تەرجىمىلىرى ئۇستىدە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۇنىڭغا ئائىت ئىكەنلىكى بىلىنگەن باشقا ماقالە ۋە ئەسەرلەردىمۇ ئۇنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بەزى بۆلۈملەر بار. ئافغانىنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى ۋە مەزھىبىنى بۇ مەنبەلەرگە ۋە ھاياتى بويىچە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلساق، ئافغانىنىڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ۋە ئەڭ ئەقەللىيسى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن شىئە مەزھىبىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئافغانىنىڭ شىئە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى بىرەر ئېغىز سۆز ياكى ئىش - ھەرىكىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىراندا تۇغۇلغانلىقى، پەلسەپە بىلىشى ۋە تەۋەككۇلچىلىكىگە ئوخشاش تەخمىنىي ئالامەتلەرگە ئاساسلانماقتا. ئۇنىڭ سۈننىي ۋە ھەنەفىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بولسا، يېقىن دوستى ۋە ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئوچۇق ئىپادىلىرى، مەخزۇمىنىڭ «خاتىرات»دا تىلغا ئېلىنغان بايانلار ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىكى دەلىللەرگە تايانماقتا. ئافغانىنىڭ «خاتىرات»تا قەيت قىلىنغان بەزى سۆزلىرى، ئۇنىڭ شىئە مەزھىبىگە بولغان كۆز قارىشىنىمۇ يورۇتۇپ بەرمەكتە. بۇنىڭغا كۆرە، شىئە مەزھىبىنىڭ تەرىقەتلىرى ئىچىدە ھەددىدىن

ئاشۇرۇۋېتىدىغانلار ۋە ئوتتۇرا ھال يول تۇتىدىغانلار مەۋجۇتتۇر. ئىمام جەفەر سادىقنىڭ يولىدىن مېڭىش، ئەھلى بەيتكە ساداقەتلىك بولۇشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، خەلىپىلىك ھەققىدە ھەزرىتى ئەلىنى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قويۇش قاتارلىقلار بىر مۇسۇلماننىڭ دىندىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولمايدۇ. ئەسلىدە، بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپلارنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىش دۈشمەن ۋە مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىقتۇر. ”ئەينى ۋاقىتتا چىققان خاتالىقلار تۈپەيلىدىن ئەلى تەرەپتە تۇرۇپ مۇئاۋىيەگە قارشى ئۇرۇشۇش توغرا بولسىمۇ، ھازىرقى زاماندا ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن نىمە پايدىسى بار؟ بۈگۈن سۈننىيلەر ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى بىرىنچى خەلىپە دەپ قارىسا، بۇ پارس خەلقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىئە مەزھىبىنى راۋاجلاندۇرۇۋېتەرمۇ؟ ياكى شىئەلەر سۈننىيلەرنىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلسا، سۈننىيلەر بۇ ئارقىلىق تەرەققىي تېپىپ، كۈچلىنىپ كېتەرمۇ؟“

نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى بىر پارچە ماتېرىيالدا ئافغانىنىڭ ئىمامى غەزالىغا ئوخشاش بۇرۇختۇرمىلىق ئىچىگە چۈشكەنلىكى، ئۇنىڭ بارلىق مەزھەب ۋە تەرىقەتلەر ھەققىدە مەلۇمات ئىگەللەپ، چوڭ ـ كىچىك ئۆلىمالارنى تونىغاندىن كېيىن، ئەڭ توغرا يولنىڭ ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەش ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا قۇللۇق ۋە ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ مۇتتەقى ساھابىلىرىگە ئەگىشىشنى ئۆزىنىڭ شۇئارى قىلىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئافغانى ئىستانبۇلغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەجلىس ـ يىغىلىشلارغا قاتناشقان ھۆسەيىن دانىش، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى خۇيلۇق، تەسەۋۋۇپقا مايىل، پەرز ئەمەللەرگە بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەنەفى مەزھىپىگە ئاساسلىنىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. ئەمما ئافغانىنىڭ مەزھەب چۈشەنچىسى سەۋرچان بولۇشقا

تايانماقتا. دەرۋەقە، ئۇ: ”مەن مەزھەب ئىماملىرىنى ئۆزەمدىن ئۈستۈن كۆرمىگەچكە، ئۇلارغا ئەگەشمەيمەن... ئەگەر بىر مەسىلىدە ئۇلاردىن بىرىنىڭ يولىغا ئەگەشسەم، كۆپىنچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپقا دۇچ كېلىپ قالىمەن“ دېگەنىدى.

ئافغانى ھايات ۋاقتىدا، ھەتتا ياشلىق چاغلىرىدا «دىنسىز» ۋە «يولدىن چىققان» دەپ بوھتان چاپلاندى. ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ، نەبھانى، مۇستافا سەبرى، ئېلى كەدۇر، نىككى ر. كەددى قاتارلىق شەرق ۋە غەربلىك يازغۇچى، تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭغا يۇقىرىقىدەك تۆھمەتلەرنى چاپلىدى. ئەمما بۇ يازغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئىزاھات ۋە ئاساسسىز تۆھمەتلەرنى بايان قىلىشتىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات ئوتتۇرىغا قويالمىدى.

”ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا“، ”خاتىرات (خاتىرىلەر)“، بولۇپمۇ ”ئەررەد ئەلەد دەھرىيىين“ ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئافغانىنىڭ ئېتىقادىنى، دىنىي ۋە سىياسىي پىكىر سىستېمىسىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئافغانى ”ئەررەد ئەلەد دەھرىيىين“ ناملىق ئەسىرىنى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىنى رەت قىلىدىغان ماتېرىيالىزم ئىدىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە يازغانىدى. ئافغانىغا كۆرە، دېموكرىتوستىن دارۋىنغىچە، ئەپىكورس ۋە مازدەكتىن نىھلىست، سوتسىيالىست ۋە كوممۇنىست مۇتەپەككۇرلىرىغىچە ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق ئېقىملارنىڭ يۈنىلىش نۇقتىسى ئوخشاشلا ماتېرىيالىزمدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق پەقەت تەبىر ۋە ئاتالغۇلاردىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ماتېرىيالىستلار ھەر دەۋر ئىنسان ۋە جەمئىيەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، دىننى ۋە ئۇنىڭ سايىسىدە بەرپا قىلىنغان مەدەنىيەت ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى ۋەيران قىلغان، ئىنسانلارنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنىدى. بىر دىنىنىڭ ئاساسى نەقەدەر زەئىپ ۋە دىنلار

ئارىسىدىكى ئورنى نەقەدەر تۆۋەن بولسا بولسۇن، ئۇ دىن يەنىلا ئىنسانلار ئۈچۈن ماتېرىيالىزمدىن پايدىلىق ۋە خەيرلىكتۇر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساماۋىي دىنلار ئىنسان ئەقلىگە ئۈچ خىل ئېتىقاد، ئىنسان روھىغا ئۈچ خىل پەزىلەت سىڭدۈرىدۇ. ئۈچ خىل ئېتىقاد: ”ئىنساننىڭ يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى ئىكەنلىكى، بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتنىڭ ئېتىقادسىز ۋە تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان مىللەتتىن دائىما ئۈستۈن ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنياغا ئەبەدىي سائادەت دۇنياسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى“ قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئۈچ ئېتىقادنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەت ھاياتىدىكى رولىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكى ھەممىگە ئاياندۇر. دىنلارنىڭ ئىنسان روھىغا تەسىر قىلىدىغان ئۈچ خىل پەزىلەت بولسا، ھايا، ئامانەت ۋە دۇرۇستلۇقتىن ئىبارەتتۇر. ئىنسان بۇ ئېتىقاد ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغاندىلا ھايۋاندىن پەرقلىق ۋە ئۈستۈن بولالايدۇ. مىللەتلەرنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى پەقەت مۇشۇ ئاساسلار ئۈستىگىلا قۇرغىلى بولىدۇ. ماتېرىيالىستلارنىڭ غەرىزى بۇ ئالتە بۇلۇڭلۇق سارايىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئۆرۈۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار يامان غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرخىل قىياپەتلەرگە ئورنىۋېلىپ، ئىنسانلارغا بىر قاراشتىلا ناھايىتى سىلىق ۋە يېقىملىق سۆز - ئىبارە، نىيەت - مەقسەتلەردىن پايدىلاندى. 9 - ئەسىردە، مىسىردا تەبىئەتشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، تەۋھىد ئەقىدىسىگە مەھكەم يېپىشقانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئالىپ تاغلىرىدىن سەددىچىن سېپىلىغىچە يايغان تۇنجى مۇسۇلمانلار قۇرغان مەدەنىيەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. باتىنىيلار يوقاتماقچى بولغان ئاساسلارمۇ يەنە شۇ يۇقىرىدىكى ئالتە ئاساس ئىدى.

ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ۋە ئادالەت ئۇقۇمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، تۆۋەندىكى تۆت ئاساسنىڭ بىرى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن:

1ـ ھەركىمنىڭ ئۆز ھەققىنى قوغدايدىغان تەدبىرلىرىنى ئۆزى ئېلىشى بولۇپ، بۇ ئانارخىستلىق، زۇلۇم، يەر يۈزىنىڭ قانغا بويىلىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يەر يۈزىدىن يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

2ـ ئىنسانغا خاس ئار ـ نومۇس ۋە شەرەپ ھېسسىياتى بولۇپ، ئىنسان شەخسىيەتچى ۋە مەنپەئەتپەرەس مەۋجۇدىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېس ـ تۇيغۇلار جەمئىيەتتە تەرتىپ ـ ئىنتىزام ۋە ئادالەتنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس.

3ـ ھۆكۈمەت. دۆلەت كۈچى بىلەن ئۇچۇق ـ ئاشكارا يۈز بېرىۋاتقان ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولسىمۇ، مەخپىي، ئاستىرتتىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەقسىز ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇندىن باشقا، دۆلەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەقسىزلىككە، يولسىزلىققا ۋە تۇيۇق يولغا تېيىپ كېتىشىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مەسىلىدۇر. شۇنداق بولغان تەقدىردە، ئۇلارنى قايسى كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟

4ـ ﷲ قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش بولۇپ، بۇ ئىمان ھەقلەرنى قوغدايدىغان، ئادالەت ۋە تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى ئورنىتىدىغان بىردىنبىر كۈچتۇر. بۇندىن بۇرۇنقى ئىككى كۈچ پەقەت ئىمان بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەندىلا، مەقسەتكە ئۇيغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئافغانىنىڭ قارىشى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىششى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتىگە يېتىشىنىڭ مۇنداق تۆت شەرتى بار.

بىرىنچىسى، ئەقىل تۇغرا پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ھەقىقەتكە ئېرىشىش يولىدىكى ۋەھىم ۋە خۇراپىيلىقلاردىن پاكلانغان بولۇشى

لازىم. ئىسلام دىنى خۇراپىيلىق ۋە ۋەھىمىلەرگە تەۋھىد (ﷲ نى بىر دەپ بىلىش) ۋە تەنزىھ (ﷲ نى ھەر تۈرلۈك نۇقسانلاردىن پاك دەپ بىلىش) پرىنسىپلىرى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بولسا، يىراق شەرق ۋە غەرب دىنلىرى خۇراپىيلىق ۋە ۋەھىمىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ كەلدى.

ئىككىنچىسى، شەخس ۋە جەمئىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرمايدىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدىغانلىقىغا، پەيغەمبەرلىكتىن باشقا ھەرقانداق مەرتىۋىگە يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشى لازىم. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ھەر ئىنساننىڭ تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئىرق، سىنىپ پەرقى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىمتىيازلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۇستۇنلۇكنى ئەقىل ۋە روھنىڭ كاملىلىقىغا، ئىلىم ۋە پەزىلەتكە باغلىدى. ئەمما بىراخمانىزم دىنىدا ئۆزگەرمەس سىنىپ پەرقى مەۋجۇت. ئىسرائىل ئەۋلادى (يەھۇدىيلار) ئۆزلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ئەڭ ئۇستۇن مىللىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. خرىستىئانلار دىنىي زاتلىرىنى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق، مۇقەددەس كىشىلەر دەپ قارايدۇ. "دىنىي زاتلار مۇقەددەستۇر، ئۇلار خاتالاشمايدۇ" ئەقىدىسى، نەچچە يۈز يىلدىن بېرى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنى جاھالەت پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويدى. كېيىنچە، ئىسلاھاتچىلار ئىسلام دىنىنى تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىي قىلىش يوللىرىنى تېپىپ چىقتى.

ئۈچىنچىسى، ئېتىقاد ۋە مەلۇمات توغرا ۋە مەزمۇت دەلىللەرنى ئاساس قىلغان بولۇشى، تەقلىدكە تايانماسلىقى كېرەك. بەلكىم ئىسلام دىنى بۇ ھەقتە بىردىنبىر دىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى پىكىر يۈرگۈزۈشكە، ئەقلىنى ئىشلىتىشكە، ئېتىقادىنى ساغلام دەلىل ئۈستىگە قۇرۇشقا، گۇمان ۋە

پەرەزگە تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارماسلىقتا چاقىرىش بىلەن بىرگە، باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراشتىن، ئۇلار نېمە دېسە، شۇنى دېيىش، نېمە قىلسا، شۇنى قىلىشتىن توسىدۇ. باشقا دىنلار بولسا: ”دىن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۇقۇم، ئەقىل بىلەن دىنىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا دىن ھەققىدە كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇلاھىزە قىلىشقا بولمايدۇ“ دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەقىلنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمىگەن بىر نەرسىنى ئۇنىڭ دەلىللىرى ئارقىلىق تونۇشى بىلەن ”مۇمكىن ئەمەس“ دەپ قارالغان بىر نەرسىنى مەجبۇري قوبۇل قىلىشى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئىسلام ئەقىلنىڭ نامۇۋاپىق بولغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە تەستىقلىشىنى خالىمايدۇ. ئەمما، بىراخمانىزمنىڭ كۆپىنچە پرىنسىپلىرى ئەقىلگە تۈپتىن زىت كېلىدۇ.

تۆتىنچىسى، ھەر قانداق جەمئىيەتتە ئوقۇتۇش، ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس خادىملار بولۇشى كېرەك. ھەر ئىنسان ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس، شۇڭا جەمئىيەتتە مۇئەللىم ۋە مۇرشىدلارنىڭ بولۇشى، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا ئىلىم ـ ئىرپان ئۆگىتىشى ۋە پەزىلەت يولىدا ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىشى شەرتتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى زۆرۈر ئېھتىياجنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن. مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش، ئىنسانلارنى ئىككى دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بۇ تۆت ئامىل ئىسلام دىنىدا مۇكەممەل شەكىلدە مەۋجۇتتۇر.

ئافغانىغا كۆرە، ئىنسان روھى ئەقىل بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ھەققىدىمۇ مەلۇمات ئېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە. تەسەۋۋۇپ ـ بۇ قابىلىيەتكە يېتىشنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقتى. ئەمما تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەلمەيدىغان نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە قوللانغان تىلى

ھۆكــۈم ئايەتلـەرنـىــڭ ســـرتقى كۆرۈنۈشـــگە مۇناســـپ شـەكـىلدە بولـمــسا، ئىنـسانلارنى ئىنكـار يـاكى خاتـا چۈشـەنچىگە ئىـگە قىلـىـپ قويۇشـى مـۇمكىن. مەسـىلەن، ئىـسلام ئېتىـقادىنىــڭ ئاساسـلىرىدىن بـىـرى بولغــان قــازا ۋە قەدەر خاتـا چۈشــەندۈرۈلگەن ۋاقىــتلاردا، ئىـسلام مەدەنىيىـتىگە يامـان تەسـىر كۆرسـەتكەن. ئىنـسانىنىڭ ئىرادىـسىنى، مۇۋەپپىـقىيىـتىنى ۋە مەسئۇلـىيىتـىنى چەتكە قاقـىدىغان چۈشـەنچە ۋە ئېتىـقادلار توغرا بولـمىغـىنىدەك، ئۇنىـڭ تەسـىر قىـلىـش ۋە يېـتەكلـەش خۇسۇســـيىـتىنى پۈتــۈنلەي يوققــا چىقىرىـــدىغان چۈشــەنچىلەرمۇ خاتـــادۇر. ئىنـــسانىنىڭ نەتىجىـــسىگە مەســئۇل بولـــدىغان ئىــش ـ ھەرىكەتلـىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئۇ بۇلارنـىڭ كېلـىـپ چىقىـشىغا ئىـــدراك قىلـــش، چۈشـــىنىش ۋە تـــاللاش قاتـــارلىق ھېســـسي سېزىملـىرى ئارقىـلىق تەسىر كۆرسـىتەلەيدۇ. ئىنـسانىنىڭ قىـسمەن ئىـرادىسى ۋە مۇۋەپپىـقىيـىتى ئۇنىـڭ تاللاش ئوبيېكتىـدۇر. شۇنچە كۆپ ئىچكـى ۋە ســرتقى سـەۋەب ۋە كۆرسـەتمىلەرنىڭ بولۇشـىغا قارىمـاي، قىـسمەن ئىـرادە نەتىجىگە تەسـىر كۆرسىتىدۇ.

ئافغانىنىـــڭ قارىـــشىچە، قۇرئـــان كەرىمـــدە دۆلەت رەھبەرلـىكـــى، رەھبەرلـەرنـىڭ ۋەزىپىـسى ۋە مەسـئۇلىيەتلىرىگە ئوخـشاش ئىنـسانىي مەسـىلىلەردىن تارتىـپ دۇنيانـىڭ بارلىـقـقا كېلـىـشى، بۈيـۈك پـارتلاش، ئاســـمان جىـــسىملىرى ئارىـــسىدىكى مۇناســـۋەتلەرگە ئوخـــشاش كوســـمولوگىيە (ئالەمنىـــڭ تۈزۈلۈشـــى ھەققىـــدىكى بىلىـــم) مەسىلىلىرىگىچە ناھايىتى كۆپ تېما ھەققىدە ئوچۇق ياكى مەۋھـۇم، كەڭ ياكى تار دائىرىدە، ئومۇمىي ياكى خۇسۇسىي ئىلىم ۋە ئىشارەتلەر بـار بولـۇپ، بـۇلارنى تـوغرا چۈشـىنىش، ئەقىــل ۋە ئىلـىمنىــڭ ئېنىــق دەلىللىرىگە ئاساسلانغان ھالدا ئىزاھلاش كېرەك. ئافغـانى ئىجتىـھاد ئىشىكىنىڭ ھەركىمگە ئوچۇق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالماقتا. ئەرەبچە بىلىـــدىغان، پەيغەمبەرلـەرنىـــڭ تەرجىمىھـــالى، ھەدىـــس، ھۆكـــۈم، قىياسـلاردا يېتەرلـىـك ئىلمـى بـار، ئەقلـى ـ ھوشـى جايىــدا بولغــان

ھەركىم ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. بۈيۈك مۇجتەھىدلەر ئۆز زامانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەمما ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى، قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئىلىم ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىلگەنلەر ئىجتىھاد قىلىشى، ئىجتىھاد قىلالمىغانلار ئاڭلىق ھالدا ئاللىشى لازىم. ئافغانىنىڭ ئايالالارنىڭ يۈركىنىش شەكلى، جازانە ــ ئۆسۈم مەسىلىسى، جىھادنىڭ ھەر تۈرلۈك مەنىلىرى ۋە يولغا قويۇلۇشى، تىنچلىق قاتارلىق تېمىلاردا ئۆزىگە خاس تەبىر ۋە تەدبىرلىرى بار.

جامالىددىن ئافغانىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي تېما ۋە مەسىلىلەر ھەققىدە جەلپ قىلارلىق كۆز قاراش ۋە تەكلىپلىرى بار. ئۇنىڭغا كۆرە، ئىشغالىيەتچى غەرب مىللەتلىرى شەرق مىللەتلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ئەمەس، ئەمما ئۇلار كۈچ ۋە ھاكىمىيەتنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ، ئۇلاردىن ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىلاندى. تەرتىپ ـ ئىنتىزام، سەۋرچانلىق ۋە غەيرەت ــ شىجائەت بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىدۇر. ئىشغالىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھوزۇر ــ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشى بەدىلىگە، شەرقلىقلەرنىڭ ئۈستىدىن ”ھوقۇقى مەھرۇم قىلىنغان ۋارىسلىق“ سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە. ئەمما ئۇلارنىڭ نىيىتى گۈدەكنىڭ مېلىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنى كۈتۈش ئەمەس، دەل ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ ئەيش ــ ئىشرەت مۇددىتىنى ئۇزارتىش ۋە ئۇ گۈدەكنىڭ مېلىنى قوللىرىدىن كېلىشىچە چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىشغالىيەتچىلەر ئىسلام ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا ياكى ئىشىكتىن ئۇسۇپ كىرگەندە، ساختا ھەقىقەتلەرنى ئالغا سۈرۈپ، ھەقنى قوغداش، يېتىنە ۋە قالايمىقانچىلىقنى باستۇرۇش، ئاز سانلىقلارنى ھىمايە قىلىش، ھۆرلۈك ۋە ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشى، مەدەنىيەتنىڭ يېيىلىشى

قاتارلىقلاردىن سۆز باشلايدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان ـ ياۋىداق لاپ بولۇپ، ئەسلى مەقسەتلىرى ئىشغال قىلىش، پارچىلاش ۋە يۇتۇۋېتىش ئىبارەتتۇر.

ئىشغالىيەتچىلەر بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقلىقلەرنىڭ غەربتە ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئەمما تەرەققىيات ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىگەننىڭ ئۇستىگە، مېڭىسى يۇتۇنلەي يۇيۇۋېتىلگەن ياشلىرىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ. بۇلار ئىلغار دەپ قارالغان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ رەزىل، پەسكەش مىجەز ـ خاراكتېرلىرىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇپ، ئۆز جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىگە ياتلاشقان "چالا زىيالىي" لار بولۇپ، بۇ "زىيالىي" لار ئېلىپ بارغان ھەر تۈرلۈك ئىسلاھات تەشەببۇسلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنى بىلەن نەتىجىلەنگەندىن سىرت، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش ۋە ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقا ئىشقا يارىمىدى. غەربتىن پايدىلانسىمۇ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوقاتمىغان ئاساستا تەرەققىي قىلىش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ يولىنى تاپقان ئۆلگىلىك مىللەت ياپونلاردۇر.

جامالىددىن ئافغانى مۇسۇلمانلارغا قۇتۇلۇش يولى تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دىنىنىڭ تەسىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە تۇنجى ئەسىرلەردىكى چوڭ ۋەقەلەرنى، تەرەققىياتنى، فەتىھلەرنى، ئىلىم، كۇلتۇر (ھازارەت) ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن مۇساپىلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، توغرا رەۋىشتە چۈشىنىلگەن ۋە شۇ رەۋىشتە يولغا قويۇلغان دىنىنىڭ قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققاندىن كېيىن، تۇرغۇنلۇق ۋە چېكىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تېپىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭغا كۆرە، بۇ سەۋەبلەر مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئىدى.

بىرىنچى، خەلىپىلىكنىڭ سەلتەنەتكە ئايلىنىپ قېلىشى، ئاتالمىش "خەلىپە" نىڭ ئىلىم ۋە ئىجتىھادتىن يىراقلىشىپ،

قۇرۇق نام ـ ئاتاق ۋە مۇراسىملارغا بېرىلىپ كېتىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە خەلىپە تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇش يولى بىلەن بۆلۈنۈشى.

ئىككىنچى، دىن ۋە مىللەت بىر جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى ئۇنسۇرى بولۇشىغا قارىماي، ھەر ئىككىلىسىنىڭ زەئىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى، خەلىپەلەرنىڭ ئەجنەبىلەرنى دۆلەت خىزمىتىگە تەيىنلىشى.

ئۈچىنچى، ھىجرى 3 ـ ۋە 4 ـ (مىلادى 9 ـ ۋە 10 ـ) ئەسىرلەردە زىندىق (دىندىن يېنىۋالغۇچىلار) ۋە باتىنىيلار يايغان باتىل ئېتىقادلار ۋە سەپسەتىلەر.

تۆتىنچى، جەبىر ئەقىدىسىنىڭ كەڭ يېيىلىشى بىلەن مۇسۇلمانلاردىكى ھاياجان ۋە پائالىيەتچانلىقنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى.

بەشىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن ئويدۇرما ھەدىسلەر ۋە ئىسرائىلىيات (يەھۇدىي دىنى) ئەقىدىلىرىنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان خائىنلار تەرىپىدىن ئىسلامىي كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاك ئېتىقادىنىڭ بۇلغىنىشى.

ئالتىنچى، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ بۇ زىيانلىق، پايدىسىز، قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى تەسىرلەرنى يوققا چىقىرالىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەسلىكى ۋە ئومۇملاشمىغانلىقى.

يەتتىنچى، شەرقتىن موڭغۇللار، غەربتىن ئەھلى سەلىپ ئىستىلالىرى ئېلىپ كەلگەن زىيان، خانىۋەيرانلىق ۋە بىزارلىق.

سەككىزىنچى، ئىلىم ۋە ئەمەل جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشى، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ

بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى، خەلقنىڭ قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ئاستىدىكى بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى تەرك ئېتىشى.

ئافغانىستاننىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدىگەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىشىغا سەۋەب بولغان بۇ ئامىللارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەرەققىيات پائالىيەتلىرى رامكىسى ئىچىدە، ھەر قايسى زامانلاردا سىناق قىلىنغان گېزىت ۋە ژورنال نەشىر قىلىش، ھەر خىل مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيىتىنى يېڭى نەسىللەرگە سىڭدۈرۈش، شەھەر تۇرمۇشى، شەھەر قۇرۇلۇشى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ھايات شەكلى قاتارلىق تېمىلاردا غەربنى تەقلىد قىلىشقا ئوخشاش خاتا ئىزدىنىش ۋە تەتبىق قىلىشلار يا خاتا نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقاردى ياكى يېتەرسىز قالدى. كېسەللىك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ زېھىن، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىدا بولغانىكەن، ئۇنىڭ داۋاسى ئۇچۇنمۇ زېھىن، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتا، مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا ئۈلگە ۋە ھاكىم قىلغان دەۋرلەرگە، يەنى ساپ ئىسلام ۋە قۇرئانغا قايتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قايتىشنى ئالدى بىلەن ئاياللار ۋە ئائىلىلەردىن باشلاپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە كەڭ قانات يايدۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا، بۇ ھەرىكەتنى چىن قەلبى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان پىداكار شەخس ۋە ئورگانلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ياخشى تەربىيە ئالغان ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تۇنجى ھەم ئەڭ ياخشى تەربىيەچىسى ۋە ئوقۇتقۇچىسىدۇر. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رەسمىي مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى مۇددىئالىق ۋە يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ مەكتەپلەر روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدىغان شەكىلدە ئىسلاھ قىلىنغاندا قەدەر، مۇسۇلمان باللار زۆرۈر ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خۇسۇسىي مەكتەپلەردە تەربىيەلىنىشى كېرەك.

غەربلىكلەر ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ مىللىي مائارىپىغا قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بارماقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ تىللىرىنىڭ قالاق، ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ھالبۇكى، تىلى بولمىغان جەمئىيەتنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتى، ئەدەبىياتى بولمىغان مىللەتنىڭمۇ تىلى يوقتۇر. شۇنداقلا، تارىخى بولمىغان بىر مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئۆز ئىشەنچى بولمىغىنىدەك، تارىخىنى قوغدايدىغان، ئۆتمۈشىنىڭ ئەسەرلىرىنى گۈللەندۈرىدىغان ۋە بۇلاردىن ئۈلگە سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان كىشىلىرى بولمىغان بىر مىللەتنىڭمۇ تارىخى يوقتۇر.

مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئەسەبىيلىك سۆزلىرى ئىنسانىنىڭ قەۋمى ۋە قەبىلىسى مەنىسىدىكى ”ئەسەبە“ سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئەسەبىيلىكنىڭ نورمال ۋە ئەشەددىي دەرىجىلىرى بار. مىللىي ياكى دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى مۇۋاپىق شەكىلدە يولغا قويۇش پايدىلىق ھەم كېرەكلىكتۇر. مىللىي ئاڭ تۇغۇلۇشتىن ئەمەس، بەلكى ئەقىدە ۋە تەربىيە ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. نورمال ۋە دىنغا بويسۇنغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان مۇتەئەسسىپلىكنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. دىنىي مۇناسىۋەت ئەسىرلەردىن بېرى ھەر تۈرلۈك مۇسۇلمان قەۋملىرىنى بىر ئۇممەت ھالىغا كەلتۈرگەن، بىر ئىرقنى يەنە بىر ئىرققا ۋە ئۇ ئىرقتىن بولغان رەھبەرگە باغلىغان ئامىلدۇر. ئىشغالىيەتچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتقان بۇ ئامىللارنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، مىللىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئوت پىلتىسىنى يېقىپ، ئۇممەتنى بۆلۈشكە ئۇرۇندى. ئارقىدىنلا، يالاقچىلاردىن پايدىلىنىپ مىللىتى ۋە دىنىغا سادىق بولغانلارنى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن قارىلاپ، ھەر تۈرلۈك مۇتەئەسسىپلىككە ھۇجۇم قىلدى. مەيلى تارىختا ياكى كۈنىمىزدە بولسۇن،

مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئەسەبىيلىكنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسى ۋە ئەڭ زىيانلىقى غەربلىكلەردە كۆرۈلدى. بەزى مۇستەسنالارنىڭ سىرتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتەئەسسىپى مىللەتلەرنى ۋە دىنلارنى يوققا چىقىرىش، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشقا سەۋەب بولمىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ”مۇتەئەسسىپ“ تۆھمەتلىرىدىن قورقماسلىقى، ئۆز مىللىي ئەنئەنىلىرىگە ئاۋۋال دىنىغا، ئاندىن ئۈممەت بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. مىللىي مۇتەئەسسىپلىك دىنىي مۇتەئەسسىپلىكتىن ئېشىپ چۈشكەن ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىك ـ باراۋەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن تەقدىردە ئۆز ئېتىبارىنى يوقىتىدۇ.

جامالىددىن ئافغانىنىڭ ئىسلاھات پروگراممىسىدا ئىسلام بىرلىكى (پانئىسلامىزم) پىكرىنىڭ ئورنى بەكمۇ مۇھىم. ئافغانى ئىسلام بىرلىكىنىڭ ئىجادچىسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەرتىپكە سالغۇچىسى، هايات بەخش ئەتكۈچىسى ۋە تەشۋىقاتچىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ پارچىلىنىشى، بۇنىڭ زەئىپلىشىش ۋە مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولۇشى، نەتىجىدە غەربنىڭ ئىسلام دۇنياسىنى بۆلۈشىۋېلىش نىيىتى قارشىسىدا ھەم ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ھەم باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تۇپراقلىرىنى قوغداشنىڭ يېگانە چارىسىنىڭ بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، 2 ـ ئابدۇلھەمىدخانغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە نامىق كامال، ئەلى سۇئاۋى، جامالىددىن ئافغانى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىسلام بىرلىكى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىگە ۋە قەلەم تەۋرىتىشىگە تۈرتكە بولدى. ئافغانىنىڭ ئىسلام بىرلىكى ھەققىدە قاچاندىن باشلاپ پىكىر يۈرگۈزگەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ 1870 ـ يىللىرى يازغان مەكتۇبلىرىدىن ئۇنىڭ ئەڭ بولمىغاندا شۇ ۋاقىتلاردىن ئېتىبارەن بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

سۇلتان ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئۆلىما ـ شەيخلەرنىڭ، بولۇپمۇ شۇ مەزگىللەردە ئىستانبۇلغا ئىككىنچى قېتىم يېتىپ بارغان جامالىددىن ئافغانىنىڭ پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان ئىسلام بىرلىكى سىياستى بەكمۇ چەكلىك ۋە يۈزەكى بولۇپ، ئۇنىڭ خرىستىئان ھاكىمىيىتىگە قارشى سىياسى، ئەسكىري ئىسلام بىرلىكى قۇرغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق دەلىل ۋە ئىشارەت يوق. خەلىپە يەنى سۇلتاننىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ مەنىۋي قوللىشىغا ئېرىشىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ تۇپراقلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى، شۇنداقلا بۇ تۇپراقلاردا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىدى.

ئافغانىنىڭ ئىسلام بىرلىكى ئىدېئولوگىيىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر بولسىمۇ، ئەمما ئىدېئولوگىيىنىڭ بۇ ئىككى ئامىلى ئۇنىڭ ھاياتى باسقۇچلىرى ئىچىدە تەدرىجى شەكىللەنگىنىدەك، شەكلىمۇ شەرت ـ شارائىت تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىش ھاسىل قىلغان.

ئافغانىغا كۆرە، ئىسلام بىرلىكىنىڭ دىنىي مۇناسىۋەت، ھەج ۋە خەلىپىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم تايانچى بار. دىنىي مۇناسىۋەت ئىسلام مىللەتلىرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بىرلەشتۈرگۈچى ئامىل بولۇپ، ئۇممەت بىرلىكىنى پەقەت مۇشۇ ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن. مىللەت ئۇنسۇرى پايدىلىق، ھەتتا زۆرۈر بولۇش بىلەن بىرگە، دىنىي مۇناسىۋەتتىن ئېشىپ چۈشكەن ياكى ئۇنى يەكلىگەن تەقدىردە، مىللىي بىرلىكنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ يېتەرسىز قالىدۇ. ئافغانى مانا مۇشۇ ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئاڭنى تەشۋىق قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى بىر پۈتۈن شەكىلدە چۈشىنەلمىگەنلەر، ئۇنىڭ ئەرەبچىلىك، تۈركچىلىككە ئوخشاش تار مىللەتچىلىككە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز

قىلىشتى. مۇسۇلمانلار دىنىي مۇناسىۋەتكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى، بۇ مۇناسىۋەت ئارقىلىق قېرىنداش بولۇشى، لېكىن باشقا دىن ۋە ئېتىقاد مەنسۇپلىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشى، دۇنيانى تىنچلىق، باراۋەرلىك ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئېچىدە بەسلىشىش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.

مەككە ۋە مەدىنە ئىسلام بىرلىكىنىڭ مەنىۋى مەركىزىدۇر. ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ھىممەتلىك ئالىملار بىرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەركەزلەر قۇرۇشى، بۇلارنىڭ باش مەركىزى ھىجاز (ئەرەب يېرىم ئارىلى) دا بولۇشى لازىم. مۇسۇلمانلار ھەر يىللىق ھەج مەۋسۇمىدە بۇ يەرگە يىغىلىپ، ئورتاق مەسىلىلەر ھەققىدە كۆرۈشۈشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە ئىش تەقسىماتى ئېلىپ بېرىشى لازىم. خەلىپىلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، سىياسىي، ئەسكىرىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي بىرلىكنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن بىردىنبىر ئىدارىي مەركەزگە، يەنى خەلىپىلىككە ئېھتىياج چۈشىدۇ. ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى تۆت خەلىپە (ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى) دەۋرى ھەقىقىي خەلىپىلىكنىڭ ئۈلگىلىك مىسالىدۇر. بۇ ماقامغا ئەقىل، پەزىلەت ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى جەھەتتىن ئەڭ ئۈيغۇن كىشى كەلتۈرۈلۈشى؛ ھاكىمىيەت ئاۋام خەلقنىڭ ئىشتىراكى ۋە كېڭىشىش يولى بىلەن يۈرگۈزۈلۈشى لازىم. ئىسلام دۇنياسىدا بىردىن كۆپ ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى، ئىسلام بىرلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئافغانى مۇشۇلارغا ئاساسەن ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلىغان ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقارغانىدى: «ئەگەر ئوسمانىيلار دۆلىتى بالقان يېرىم ئارىلى ۋە ياۋرۇپانىڭ ئورنىغا ئىسلام دۇنياسىغا يۈزلەنگەن، ھۆكۈمەت مەركىزىنى ھىجازغا قۇرغان ۋە ئەرەب تىلىنى رەسمىي تىل سۈپىتىدە قوللانغان بولسا، ئۇلارنىڭ خەلىپىلىكى ئاستىدا ئىسلام بىرلىكى ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ۋە بوگۇن شەرق

مەسىلىسى مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.» ئۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، شەكلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلارنى كۈچلەندۈرىدىغان، مۇستەقىللىق ۋە ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، مەدەنىيەتتە دۇنيا مىللەتلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا چىقىرالايدىغان بىر ئىسلام بىرلىكىنى مەقسەت قىلغاچقا، بەزىدە : مەن پۈتۈن ھوقۇق بىرىگە مەركەزلەشسۇن، بارلىق دۆلەتلەر بىرىگىلا بويسۇنسۇن دېمەيمەن؛ بەلكى ھەممىسىنىڭ سۇلتانى قۇرئان، بىرلىكلىرىنىڭ چېتىشىش نۇقتىسى دىن بولسۇن، ھەربىرى ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش ۋە بۇلارنى قوغداش بىلەن بىرگە، باشقىلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ بىر قىسمى بىلسۇن دەيمەن» دېيىش ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ۋە ئەمەلىي بىر ئىسلام بىرلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. كېيىنچە، ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىكىگە باغلانغان، يەمەن، ھىجاز، ئوتتۇرا شەرق، ئاناتولىيە ۋە بالقان يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەرلىك ھۆكۈمەتكە تايانغان ۋە ھەربىرىگە ئەھلى رەھبەرلەر تەيىنلەنگەن (مەسىلەن، ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ شاھزادىلىرى، ۋەزىرلىرى، يەمەنگە زەيدى ئىمامى، ھىجازغا ھاشىمىي نەسەبىدىن كەلگەن بىرى، مىسىر ھىدىۋى قاتارلىقلارغا ئوخشاش) ئونغا يېقىن ۋىلايەتتىن تەشكىل تاپقان ئىسلام بىرلىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئافغانىنىڭ قارىشىچە، بۇ بىرلىك قۇرۇلۇپ قالسا، كۆپ ئۆتمەي ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى، ئۇلاردىن كېيىنلا جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بۇ بىرلىككە قېتىلاتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئەسلى مۇددىئاغا يەتكىلى بولاتتى.

**ئافغانىنىڭ تەسىرلىرى:** ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام دۇنياسىدا شەكىللىنىپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر مۇنچە مەسىلىنى يالغۇز بىرلا رەھبەرنىڭ ھەل قىلالىشى ھەم تېئورما ھەم ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە! ئەمما بەزى پىكىر ۋە پىلانلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، بۇنىڭ

ئۆچــۈن ئەتراپقــا ئــادەم تويلىنىـــشى ۋە ۋاقتـــى كەلگەنـــدە ئىلـــىپ بېرىلىدىغان ئىسلاھات ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىنىشى قاتارلىق مۇھىم مــۇۋەپپىقەتلەر قاتارىــدا قوبــۇل قىلىنىــسا، ئافغانىنىــڭ بــۇ نەتىجىــگە ئېرىــشكەنلىكىنى قــولايلىقچە تىلغــا ئېلىــشقا بولىــدۇ. ئافغــانى ھايـــاتتىكى چاغلىرىـــدىلا، بىـــر مۇنچىلىغـــان سىياســـەتچى ۋە مۇتەپەككۇرلارغـــا تەســـىر كۆرســـەتكەن ۋە بەزى ھۆكۈمرانلارنىـــڭ ئالىمىشىــشىغا سەۋەبچى بولغانــدىن ســىرت، تــار قېلىپىنىــڭ ئىچىــدە قىسىلىپ قالغان بەزى ئالىملارنىڭ كۆزلىرىنى تېخىمۇ كەڭ دۇنياغـا ئېچىـــپ، ئىـــسلام بىرلىكـــى، مىللىـــي، دىنىـــي كىـــشىلىك، ئەجنەبـــى ئىـــستىلاسى ۋە ئىـــشغالىيىتىگە قارشـــى تىركىـــشىش، ئىـــستىقلال، ھۆرلۇك ۋە ئــۆز ـ ئــۆزىگە ئىشىنىــشكە ئوخــشاش تېمىلاردا ئەقىلىدىن چىقمىغــۇدەك دەرىجىــدە ئىــز قالــدۇردى. ئۇنىــڭ بــۇ تەســىرلىرىنى ئــۇ ياشىغان دەۋردىكى دۆلەت، جەمئىيەت ۋە مۇھىم شەخسلەردىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئافغانىنىـــڭ ســۇلتان ئابدۇلھەمىــدخانغا باشــقىچە بىــر ئىـــسلام بىرلىكـى، سـۈننىي ـ شـىئە يېقىنلىشىـشى ۋە رەھبەرلىـك شـەكلى قاتــارلىق تــېمىلاردا، ئەڭ بولمىغانــدا، پىكىـــر ۋە پىـــلان جەھەتـــتىن تەســـىر كۆرســـەتكەنلىكىنى ئېيـــتىش مـــۇمكىن. ئوســـمانىيلار دۆلىتىنىـــڭ غەربىـــپەرەس، پانتۈركىـــست، پانئىـــسلامچى قاتـــارلىق ھەرخىــل ئىــدېئولوگىيەگە مەنــسۇپ ئــالىملىرى ئۇنىــڭ ســۆھبەت ۋە ئەسەرلىرىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك يـوللار بىـلەن پايدىلانـدى. ئۇلارنىـــڭ ئارىـــسىدا بەزى «يېڭـــى ئوســـمانىيلار»، «يـــاش تـــۈركلەر»، مـــۇھەممەد ئەمىـــن يۇرداقـــۇل، يۇســـۇف ئـــاقچورا، ئەھـــمەد ئاغـــائوغلى قاتارلىق پانتۈركىستلەر، مۇھەممەد ئاكىف ئەرسوي، ئەھـمەد ھەمـدى ئاقسەكى، سەئىد نۇرسى قاتارلىق پانئىسلامىزمچىلار، سەييىد بەگ، شەمـــسىددىن گۈنئالتـــاي قاتـــارلىق كىـــشىلەرمۇ بـــار ئىـــدى. ئــۆزى مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەخپىي «يــاش ئىــرانلىقلار»

جەئىيىتىنىڭ كۆپىنچىسى سۇرگۈندىكى ”بابى“ لەردىن تەشكىل تاپقان ئەزالىرى ئارقىلىق «يېڭى ئوسمانىيلار» ۋە «ياش تۈركلەر» نىڭ كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تارقاتتى. بۇ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن ئافغانىنىڭ ”بابى“ ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ”بابى“ ئەمەسلىكى، بەلكى «ماسون جەمئىيىتى» گە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئۆز مۇددىئاسى يولىدا پايدىلانماقچى بولغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا.

ئافغانىنىڭ مىسىردىكى تەسىرلىرى تۈركىيەدىكىگە ئوخشاش ھەرخىل يۆنىلىشلەردە تەرەققىي قىلغاندى. ئۇنىڭ ئەڭ ئېتىبارلىق ئوقۇغۇچىسى، دوستى ۋە ياردەمچىسى مۇھەممەد ئابدۇھ ”مۆتىدىل ئىسلاھاتچى“ ، رەشىد رىزا ”رادىكاللىققا مايىل“ يول تۇتسا، قاسىم ئەمىن، ئەلى ئابدۇرازىق، لۇتفى ئەسسەيد قاتارلىقلار تېخىمۇ ئەركىن ۋە لىبېرال يولدا ماڭاتتى. «ۋەفد پارتىيىسى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مىسىر خەلقى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ رەھبىرى سەئد زەغلۇلمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئافغانى مىسىردا ئەزاسى، رەھبىرى ياكى قۇرغۇچىسى بولغان «ماسون تەشكىلاتلىرى» ۋە قۇرۇلۇشىدا تۆرتكىلىك رول ئوينىغان «تەنزىمۇل ھىزبى ۋەتەن» جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ، خىدىۋ ئىسمائىل پاشانى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلاش، مىسىر خەلقىنى ئىستىبدات ۋە ئىشغالىيەتچىلىككە قارشى ئويغىتىشقا ئوخشاش مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشتى. ئىنگلىز ۋە فرانسۇز مۇداخىلىلىرىگە قارشى كۆچلەنگەن ھەرىكەتنىڭ كېيىنچە ئۇرابى پاشانىڭ ئىسيان چىقىرىشى بىلەن يۇقىرى پەللىسىگە چىققىشىدا، ئافغانىنىڭ بەكمۇ مۇھىم رولى بار. بۇ دەۋردە، مىسىردا ژۇرنالىستلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا باشقا ئالىملار بىلەن بىرگە، ئافغانىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار. ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى نەتىجىسىدە، سەلىم ئەن نەققاش بىلەن ئەدىب ئىسھاق ”مىسىر ۋە تىجارەت“ گېزىتىنى،

سەلىم ئانجۇرى ”شەرق ئەينىكى“ گېزىتىنى، ئەدىب ئىسھاق يەنە ”مىسرۇل فەتات“ گېزىتىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى.

جامالىددىن ئافغانى بىلەن مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى بولغان رەشىد رىزا ئەسلىدە سۈرىيەلىك ئىدى. ئابدۇلقادىر ئەل مەغرىبى ئىستانبۇلدا ئافغانى بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇ سىياسەتتىن بەكرەك ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولاتتى ۋە «ئەرەب تۈيغۇسى» نى تەشۋىق قىلىدىغان پىكرىي مۇھىتنىڭ مۇھىم شەخسلىرىدىن بىرى ئىدى. «ئەرەب مىللەتچىلىكى ھەرىكىتى» نىڭ مۇھىم سىمالىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد كۇرد ئەلى ئابدۇلقادىر ئەل مەغرىبىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى ۋە ئۇ بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغانىدى. سۈرىيەنىڭ دۆرزى رايونىدىن كېلىپ چىققان ۋە 1913 ـ 1918 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت مەجلىسى ئەزالىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئەمىر شەكىب ئارسلان رەشىد رىزانىڭ ۋاستىسى بىلەن ئافغانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئابدۇراھمان ئەل كەۋاكىبىمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن ئوخشاش مۇھىتقا تەۋە مىللەتچى ئەدىب، يازغۇچى، ژۇرنالىست ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. سۈرىيەدىكى ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ھۈسەيىن ئەل جىسر، جامالىددىن ئەل قاسىمى، ئابدۇررازاق ئەل بايتار ۋە ئابدۇلئەزىز ئەل جاۋىش قاتارلىقلارمۇ جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ مەكتىپىنىڭ تالىپلىرى ئارىسىدىن ئورۇن ئالماقتا.

ئافغانىنىڭ ھىندىستاندىكى سىياسىي ۋە دىنىي پىكىرلىرى سەييىد ئەھمەدخاننىڭ پىكىرىگە پۈتۈنلەي زىت چىقتى. ئەھمەدخاننىڭ قارىشىچە، ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئاخىرىدا غەرب بىلەن بىرلىشىش ئىدى. ئافغانىنىڭ قارىشىچە بولسا، غەرب ئىمپېرىيالىزمىغا ئەشەددىي تۈردە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئافغانى ھىندىستاندا تۇرغان

مەزگىللەردە «ماتېرىيالىزمغا رەددىيە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدىن باشقا، كۆپلىگەن ماقالىلارنىمۇ يازغانىدى. ئەمما ئەڭ ئاساسلىق تەسىرى «ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا» دا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ كالكۇتتا ۋە لېكنېۋدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى بىلەن بولدى. ئافغانىنىڭ ھىندىستانغا بولغان تەسىرى ئۆز دەۋرىدىن بەكرەك، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان پانئىسلامىزم ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، ئەبۇل كالام ئازاد ۋە ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرى بولغانىدى. پاكىستاننىڭ مەنىۋي رەھبىرى مۇھەممەد ئىقبالمۇ ئۇنى قوللىغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئافغانىنىڭ ئىراندىكى پائالىيەتلىرىنى ئۈچ چوڭ نىشانغا ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچىسى، ھاكىممۇتلەقلىققە قارشى تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

ئىككىنچىسى، ئەجنەبىيلەرنىڭ مۇداخىلىلىرىگە قارشى تىركىشىش ۋە مىللىي ئاڭنى ئويغىتىش.

ئۈچىنچىسى، ئىران ـ ئافغانىستان بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىش.

ئافغانى ھاكىممۇتلەقلىققە قارشى ھەرىكىتىنى بىر تەرەپتىن خەلقنى ۋە ئۆلىمالارنى كۈشكۈرتۈش، يەنە بىر تەرەپتىن نەسرىددىن شاھنى بۇ خىل تۈزۈمدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەش يولى بىلەن ئېلىپ باردى. بۇ سەۋەبتىن، شاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، ئاخىرىدا ئىراندىن سۈرگۈن قىلىنىدى. بەسرىدىن بۈيۈك مۇجتەھىد ھەسەن شىرازىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئىنگلىزلەرگە بېرىلگەن تاماكا ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، لوندوندا شاھقا قارشى ئېغىر دەرىجىدە تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇنىڭ ئاساسى قانۇن ھەققىدىكى پائالىيەتلىرى 1896 ـ يىلى شاھلىق تەختىگە چىققان مۇزەففەرىددىن زامانىدا، ئافغانىدىن تەلىم ئالغان سەييىد ئابدۇللاھ،

سەييىد مۇھەممەد تاباتاباي ۋە شەيخ فەيزۇللاھ رەھبەرلىكىدە چىققان ئىسيان بىلەن نەتىجىلەنگەن بولۇپ، 1906 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاساسى قانۇن تۈزۈلۈپ، دۆلەت مەجلىسى قۇرۇلدى. ئافغانى نۇتۇق ۋە ئەسەرلىرىدە كۆچەپ تەشۋىق قىلغان ئىران ـ ئافغانىستان بىرلىكىنىڭ ئىككى ئاساسىي نىشانى بار بولۇپ، بىرى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە ھەر ئىككى دۆلەتكە ئېغىر زىيان سېلىۋاتقان توقۇنۇشلارنى توختىتىش؛ يەنە بىرى، خىيالىدىكى ئىسلامىي بىرلىككە يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىش ئىدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ھېچكىمنىڭ زېھنىدىن ئۆچۈپ كەتمىگەچكە، خېلى يىللاردىن كېيىن، ئافغانىستان ئۇنىڭ جەسەد سۆڭەكلىرىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، ئىران ھەردائىم ئۇنىڭغا ئىگە چىقىپ، ئىسلاملىشىش ۋە ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى داۋامىدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇتۇپ كەلدى.

ئالجىرىيە دۇچار بولغان فرانسۇز ئىشغالىيەتچىلىكى ۋە خرىستىئانلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئالدىدا خەلقنىڭ بىردىنبىر پاناھگاھى، 1930 ـ يىللىرى تەسىر دائىرىسى زورايغان «جەزائىر مۇسۇلمان ئۆلىمالار جەمئىيىتى» ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ ئابدۇلھەمىد ئىبنى بادىس ۋاستىلىك يوللار بىلەن ئافغانى ”تەرىقىتى“ مەنسۇپلىرىدىن ئىدى. بۇ تەسىر كېيىنكى يىللىرىمۇ داۋاملاشقان بولۇپ، مالىك ئىبنى نەبى: «ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنىڭ باشلىنىشىدا ئافغانىغا قەرزدارمىز» دېگەنىدى.

ئافغانىنىڭ دوست ۋە دۈشمەنلىرى ئۇ ھايات ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگىچە بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان، ئۇنىڭغا ياخشى باھا بېرىدىغانلار بىلەن بىرگە، ئۇنى تەنقىدلەيدىغانلارمۇ بار.

ھەتتا بۇ ھەقتە ھەددىدىن ئېشىپ: ”بابىلاردىن“، ”پىتنە ـ پاساتچى“، ”ھېچكىمنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت ـ ئېتىبارى يوق“، ”ھاياتى ۋە پىكىرلىرى تۇتۇرۇقسىز، تەۋەككۇلچى“ دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەگەر ئافغانىنىڭ ھاياتى، پىكىرلىرى ۋە ئۇ تەسىر قىلغان شەخسلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، يۇقىرىقى باھالارغا رازىلىق بىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ زاماندىشى بولغان تالىپ ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ مۇسبەت ئىپادىلىرىدە ھېسسىي تەرەپلەر بولسىمۇ، ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئەسەر ۋە تەسىرلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق خۇلاسە چىقارغانلارنىڭ باھاسى تېخىمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق باھا بەرگۈچىلەردىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قارىشىچە، ئافغانى ئۆتمۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزمىگەن ھالدا ئىسلامنى بىر پىكىر سىستېمىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، پىكىر تارىخىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغىغان، شۇنداقلا ئىنسان ئاملىنى ياخشى تونۇيدىغان ئىسلام ئالىمى ۋە رەھبەردۇر. «ئەگەر ھېرىپ ـ چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئەمما خورىغان ئېنېرگىيىسى ئۆزىنى ئىنسانلار ئۈچۈن ئىمان ۋە ئەمەل سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارغا ئاتىۋېتەلىگەن بولسا ئىدى، بۈگۈن ئىسلام دۇنياسى زېھنىي جەھەتتىن تېخىمۇ ساغلام زېمىن ئۈستىدە تۇرغان بولاتتى.» (ئىسلامدا دىنى پىكىرنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولۇشى، 136 ـ بەت). فەزلۇررەھمان ئۇنىڭغا: «غەربنىڭ ئىستىلا ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش غايىسى بىلەن پىكرىي ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئىسلام جەمئىيىتىگە ئومۇمىي چاقىرىق قىلغان تۇنجى ”ھەقىقىي مۇسۇلمان“ يېڭىلىقپەرۋەر جامالىددىن ئافغانى ئىدى» دەپ باھا بەرگەن. لېكىن ئافغانىنى بۈگۈنكى مەنىسىدىكى يېڭىلىقپەرۋەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى جەددىتچىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار قاتارىدا قويۇپ باھا بېرىش تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر.

www.islamyoli.net

**ئەسەرلىرى:** ئافغانى پىكىرلىرىنى كۆپىنچە ھاللاردا نۇتۇقلىرىدا بايان قىلىپ، قەلەمگە ئاز ئالغان مۇتەپەككۇر ۋە پائالىيەتچى بولۇپ، قەلەمگە ئالغان ئەسەرلىرىنىڭمۇ بەزىلىرى يوقاپ كەتكەن. ئۇنىڭ مىزاجى، ھەرىكەتچان، مۇقىمسىز ۋە ھالاۋەتسىز ھاياتى ئاز ئەسەر يېزىشىغا ۋە ئەسەرلىرىنىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. ئۇ «ئەررەد ئەلەددەھرىيىين» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ ”تەبىئەتچى، ماتېرىيالىست، دەھرى“ قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئىپادىلىگەن، ئۇنغا يېقىن پىكىر ئېقىمىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق دەلىللەر بىلەن رەت قىلىش ئۈچۈن بىر ئەسەر يازىدىغانلىقىنى، يەنە پەيلاسوپلار تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان پەزىلەت مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ پەقەت ئىسلام بىلەن تەشكىل تاپالايدىغانلىقىغا دائىر بىر كىتابنى قەلەمگە ئالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتابلار يېزىلمىدى. خەلىپىلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئەسىرىنىڭ ھىندىستاندا مۇسادىرە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكى بىلىنمەكتە. رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىدىن ئابدۇررەشىد ئىبراھىمنىڭ ئىستانبۇلدا ئافغانىدىن ئېلىپ، سوفىيەدە نەشر قىلدۇرغان (1895 ـ يىلى؟) ”ئەررەددۇ ئەلەل مەسىھىيىين“ ناملىق ئەسىرىمۇ ئىزناسىز يوقاپ كەتكەن. بۇترۇس ئەل بۇستانىنىڭ ”دائىرەتۇل مائارىف“ ناملىق ئەسىرىدىكى ”بابىلىك“ تېمىسى بەزى مەنبەلەردە ئافغانىنىڭ دەپ قارالغان بولسىمۇ، تېمىنىڭ يازغۇچىسى بۇستانىدۇر ۋە باشقا مەنبەلەر بىلەن بىرگە، ئافغانىنىڭمۇ ”بابىلەر“ ھەققىدىكى مەلۇماتىدىن پايدىلىنىلغان. مۇھەممەد ئامارە ئافغانىغا ئائىت ئەسەرلەرنى 1968 ـ يىلى قاھىرەدە نەشر قىلدۇرغان ”ئەل ئەمالۇل كامىلە لىجامالىددىن ئەل ئافغانى“ ناملىق بىر جىلدلىق كىتابىغا يىغقان. 1979 ـ يىلى، بۇ كىتابنىڭ كەمچىل ۋە خاتا يەرلىرىنى قىسمەن تۈزىتىپ، بېيرۇتتا قايتا نەشر قىلدۇرغان. ئەمما شەلەشنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىملىق نەشرىدىمۇ كەمچىلىكلەر تولۇق

تۈزىتىلمىگەن. ئەلى شەلەش شەرق ۋە غەربتە نەشر قىلىنغان بارلىق كىتاب ۋە مەجمۇئەلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردا تىلغا ئېلىنمىغان 22 پارچە ماقالە، سەككىز پارچە مەكتۇب، بىر كىتاب ۋە تۆت پارچە ئورگىنالنى، 1986 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلدۇرغان ”سىلسىلەتۇل ئەمالىل مەجهۇلە“ ناملىق ئەسىرىدە تەپسىلىي بايان قىلغان. قول يازما شەكلى بىلەن ئافغانىغا ئائىت ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان يەنە بىر ئەسەر ـ ئۇنىڭ (يەنى ئافغانىنىڭ) ئې. رېنانغا بەرگەن جاۋابى ئىدى. رېناننىڭ سوربوندا (فىرانسىيەدىكى جاي نامى) بەرگەن ”ئىسلام ۋە ئىلىم“ هەققىدىكى لېكسىيىسى ”ژورنال دەس دەباتس“ ناملىق گېزىتتىگە بېسىلغاندىن كېيىن، ئافغانىنىڭ يازغانلىقى پەرەز قىلىنغان جاۋاب يەنە شۇ گېزىتنىڭ 1883 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان. ئافغانى ئەرەبچە يازغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان مەكتۇبتا، ئافغانى رېناننىڭ: ”ئومۇمەن دىنلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلامنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپەگە قارشى ئىكەنلىكى ۋە ئەرەبلەرنىڭ زېهنىي جەهەتتىن ئىلىم ۋە پەلسەپە تەھسىل قىلىشتىن بەكمۇ يىراقتا ئىكەنلىكى“ شەكلىدىكى ئىددىيەلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن باشقىچە يول ۋە ئۇسلۇب قوللانغانغاچقا، ئۇنىڭ جاۋابى باشقىلار تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلىشكە ۋە ئۇنىڭ كاپىرلىق بىلەن قارىلىنىشىغا سەۋەب بولغان. ئەسلىدە ئافغانىنىڭ جاۋابىنىڭ ئاساسىي تېمىسى رېناننىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىگە رەددىيە بېرىشنى ئاساس قىلغانىدى. چۈنكى، ئافغانى جاۋابىدا غەربلىكلەر بۇگۈن بىلىپ يېتەلىگەن مەندە بىلىم ۋە پەلسەپەنىڭ ئەزەلدىن بېرى دىن بىلەن زىتلىشىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ هەقتە پەقەت ئىسلامنىلا قارىلاشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى، يۇنان پەلسەپەسىنى تەرجىمە يولى بىلەن ئۆگىنىپ، قىممەتلىك پىكىرلەر بايان قىلغاندىن كېيىن، دۇنيا

خەلقىگە سۈننانلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇنچىلىغان ئەرەب پەيلاسوپلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئافغانى بۇ ئاملىلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ۋاقىتتا، بەزى ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان. ئۇنىڭ جاۋابىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىپ تەبىر بەرگەنلەر، مەكتۇبىنىڭ تەرجىمىسىدە بەزى خاتا ۋە ئارتۇقچە ئىبارىلەرنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ، قىلچە تەپ تارتماي بۇ مەكتۇبنىڭ تولۇقى بىلەن ئافغانىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ ۋە ئافغانىنىڭ بەزى ئىزچىلىرى مەكتۇبنىڭ تولۇقى بىلەن ئۇنىڭغا ئائىت ئەمەسلىكىنى، تەرجىمانىنىڭ ”خىجىل بولماي مەكتۇب مەزمۇنىنى بۇرمىلىغان“ لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### ئافغانىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلاردۇر

1. ”ئەت تەئلىقات ئەلەش شەرھىددەۋۋانىل ئەقائىدىل ئەدۇدىيە“ (1968 ـ يىل، قاھىرە؛ 1979 ـ يىل، بېيرۇت). بۇ، ئابدۇددىن ئەل ئىجىگە ئائىت ”ئەل ئەقائىدىل ئەدۇدىيە“ ناملىق ئەسىرىنىڭ دەۋۋانى تەرىپىدىن يېزىلغان شەرھىسىگە بېرىلگەن ئىزاھاتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئافغانى بۇ تەئلىقاتنى ئىسمى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن كىتابنى مىسىردا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا يازغانىدى.

2. ”رىسالەتۇل ۋارىدات فى سىررىت تەجەللىيات“ (1968 ـ يىل، قاھىرە؛ 1979 ـ يىل، بېيرۇت). ئافغانى مىسىردىكى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەد ئابدۇھقا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق يازدۇرغان.

3. ”تەتىممەتۇل بەيان“ (1879 ـ يىل، قاھىرە). بۇ، ئافغانىستاننىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى تېمىسىدا يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ئىككى باب بىلەن بىر قوشۇمچىدىن تەركىب تاپقان. خۇشاللىقنىڭ ھەقىقىي ئاملى ھەققىدە يېزىلغان بىرىنچى بابىدا ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى چوڭ چاغلىشى ۋە شەخسىيەتچىلىك

قىلىشى تۇپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان پالاكەتلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەندىن سىرت، قولىدىن كېلىشىچە ئەقلىنىڭ قوللىنىلىشىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن باھا بېرىشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. ئىككىنچى بابدا، ئىنگلىز مىللىتىنىڭ خاراكتېرى تەھلىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردا ”ئۆزىنى دېۋە ئەينىكىدە كۆرۈش“ كېسەللىكىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئىسلام مەملىكەتلىرىدىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي شۇ كېسەل تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرىدا قاتتىق پۈشايمانغا قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ 1901 ـ يىلى مىسىردا بېسىلغان ۋە يېقىنقى زامانلارغىچە ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا ئورۇن ئالغان نۇسخىسىدا ئىنگلىزگە قارشى يېزىلغان بۇ باب چىقىرىۋېتىلگەن. ئەلى شەلەش بۇ ئىككى بابنى تاپقان ۋە ”سىلسىلەتۇل ئەمەلۇل مەجھۇلە“ ناملىق كىتابقا كىرگۈزگەن.

4. ”ھەقىقەتۇل مەزھەبى نەيچەرى ۋە بايانى ھالى نەيچەرىييان“. ئافغانىنىڭ ھىندىستاندا تۇرغان ۋاقتىدا ماتېرىيالىستلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن پارس تىلىدا يازغان بۇ ئەسىرىنىڭ دىن، جەمئىيەت، دىنىي ئىدىيەنىڭ پەلسەپەۋي ئاساسلىرى، ماتېرىيالىست ئىدىيەنىڭ ئاساسلىرى، تەھلىل ۋە دەلىللەر بىلەن رەددىيە بېرىش قاتارلىق تېمىلىرى (ئۇنىڭ پائالىيەت پروگراممىسىدا سىياسىي ئىسلاھات ۋە ھەرىكەتلەرگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى تۇپەيلىدىن) ناھايىتى ئالدىراقسانلىق بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بەكمۇ يېتەرسىز ھالەتتە نەشر قىلىنغان. ئافغانى بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ يېتىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل شەكىلدە يېزىپ چىقىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، (بەلكى ۋاقتى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن) قايتا يازالمىغان. كىتاب تۇنجى قېتىم ھەيدەرئاباد ـ دەككەندە بېسىلدى. كېيىنچە ئوردۇچە، تۈركچە، فرانسىزچە ۋە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان بۇ

كىتاب (ئالبېرت قۇدسىزادەنىڭ بىبلىئوگرافىيەسىگە قارىغاندا) 32 قېتىم نەشر قىلىنغان. كىتابنىڭ مۇھەممەد ئابدۇھ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، ئون تۆت بەتلىك تەرجىمىھال قوشۇلغان ئەرەبچە نەشرى تۇنجى قېتىم 1886 ـ يىلى بېيرۇتتا بېسىلغان، كۆپ ئۆتمەي، كىتاب بىر نەچچە قېتىم قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان. مۇھەممەد ئابدۇھ كىتابنى ئۆزۈن يىللار ئافغانىستاننىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئارىف ئەبۇتۇرابنىڭ ياردىمى بىلەن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان. كىتاب ياقۇب ئەپەندىزادە مۇھەممەد مۇنىر تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، نەشر قىلىنمىغان. 1956 ـ يىلى ئەزىز ئاقپىنارلى تەرىپىدىن "ماتېرىيالىزمغا رەت" ئىسمى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

5. "ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا". 1883 ـ ۋە 1884 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئەينى ئىسىم بىلەن بېسىپ تارقىتىلغان گېزىتنىڭ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىنغان نۇسخىسى بولۇپ، قاھىرە ۋە بېيرۇتتا بىر نەچچە قېتىم بېسىلغان. كىتابنىڭ بەزى بۆلۈملىرى ئوردۇچە، فرانسىزچە ۋە ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. كىتابنىڭ تولۇق نۇسخىسى ئىبراھىم ئايدىن تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، سەيىيد ھادى ھۇسرەۋشاھى يازغان مۇقەددىمە بىلەن (1987 ـ يىلى، ئىستانبۇلدا) نەشر قىلىنغان.

6. "خاتىراتۇ جامالىددىن ئەل ئافغانى ئەل ھۇسەينى". بۇ ئەسەر بېيرۇتلۇق ژۇرنالىست ۋە مائارىپ مەجلىسىنىڭ ئەزاسى مۇھەممەد پاشا ئەل مەخزۇمى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئافغانىستاننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى خۇسۇسىي سۆھبەتلىرىگە قاتناشقان مەخزۇمى، بۇ كىتابقا ئافغانىستاننىڭ ئۆزىنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى ۋە باياناتلىرىنى قەلەمگە ئېلىپ، كىتابنىڭ ئىسمىغىچە ئافغانىستاننىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن نەشرگە بەرگەن. "خاتىرات" نىڭ باش

تەرپىدىكى 64 بەتلىك كىرىش سۆز قىسمىدا ئەسەرنىڭ يېزىلىش ھېكايىسى ۋە ئافغانىنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەلۇماتلار بېرىلگەن. قالغان 350 بېتىدە، ئافغانىنىڭ ھەرخىل تېمىلاردىكى ئىدىيە ـ كۆز قاراشلىرى، غايىسى، مېتودلىرى چۈشەندۈرۈلگەن. مەخزۇمى "ئەل ئۇرۋەتۇل ۋۇسقا" قاتارلىق گېزىت ۋە ژورناللاردا نەشىر قىلىنغان ماقالىلاردىنمۇ پايدىلانغان. كىتاب سىياسىي بىسىم سەۋەبىدىن ئۇزۇن يىللارغىچە بېسىلىپ قالغان ۋە نىھايەت 1931 ـ يىلى بېيرۇتتا تۇنجى قېتىم نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن، قايتا ـ قايتا نەشىر قىلىنغان.

**ئافغانى ھەققىدىكى ئەسەرلەر:** ئافغانى ھەققىدە يېزىلغان ياكى ئۇنىڭمۇ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىتاب ۋە ماقالىلار بەكمۇ كۆپ. ئا. ئالبېرت قۇدسىزادە نەشىر قىلدۇرغان بىبلىئوگرافىيەدە (بىرەر مەسىلىگە دائىر كىتاب، ژورنال ۋە ماقالىلار رويخېتى) 650 پارچە ئەسەرنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭغا يەنە 40 تىن ئارتۇق تۈركچە نۇسخىلىرى بىلەن يۈزلەرچە ماقالىنىمۇ قوشۇش لازىم. ئافغانى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مەنبەلەرنى "1963 ـ يىلدىن بۇرۇنقىلىرى ۋە كېيىنكىلىرى" دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلمەكتە. چۈنكى ئۇنىڭ 1891- يىلى تېھراندا نەشىر قىلىنغاندىن بېرى ئامانەتكە قويغان ئائىلىدە ساقلانغان ماتېرىياللىرى، ئاسگار مەھدەۋى ۋە ئىرەج ئافشار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ تېھران ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىندى. ئۇندىن باشقا، ئەسلى ئىرانلىق ھۆما پاكدامەن ئىراندا تاپقان بەزى ئەسەرلەر بىلەن پارىژ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە فرانسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئارخىپلىرىدىن پايدىلىنىپ "جامالىددىن ئەسەد ئابادى ئافغانى" (1969 ـ يىل، پارىژ) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئافغانى ھەققىدە بىر كىتاب يازغان ئەلىيە كەدۇئېرىيە، ئوتتۇرا شەرق تارىخى

تەتقىقاتچىلىرىدىن سىلۋىيا گ. ھائىم بىلەن نىككى ر. كەددىئەنىڭ دىققىتىنى ئافغانى ۋە مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ ئۇستىگە جەلپ قىلدى. بولۇپمۇ، نىككى ر. كەددىئە يىڭى تېپىلغان ماتېرىياللار بىلەن پارىژ، لوندون ۋە تېھران قاتارلىق پايتەختلەردىكى ئارخىپلاردىن پايدىلىنىپ، ئافغانى ھەققىدە بىرمۇنچە كىتاب ۋە ماقالە يازدى. ئافغانىنىڭ جىيەنى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان مىرزا لۇتفۇللاھ خان، ئافغانىنىڭ ئىرانلىق ۋە شىئە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەندى. نىككى ر. كەددىئە ئۇنىڭ دىنسىز ئىكەنلىكىنى، ئوقۇغۇچىلىرى بولسا، ئۇنىڭ دىننى سىياسەت ئۈچۈن ۋاستە قىلىۋالغانلىقىنى قوشۇپ قويدى. لۇتفۇللاھ خاننىڭ كىتابى ئەرەبچىگە ئىككى قېتىم تەرجىمە قىلىندى. ئاسگار مەھدەۋى بىلەن ئىرەج ئافشار نەشر قىلدۇرغان ماتېرىياللارمۇ باشقا بىر تەرجىمانىنىڭ تەقرىزى بىلەن بىللە ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. 1963 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى مەنبەلەردە ئافغانى ۋە تالىبلىرىنىڭ ئىپادىلىرىگە تايانغان ھالدا، ئۇ: ”ئافغانىستانلىق، سۈننىي، دىندار، ئىسلامىي ئويغىنىش ۋە بىرلىكنىڭ رەھبىرى...“ دەپ تەرىپلەنگەن بولسا، ئۇندىن كېيىن، بولۇپمۇ، نىككى ر. كەددىئە، ئەلىيە كەددىئە ۋە ھوما پاكدامەننىڭ كىتاب ـ ماقالىلىرىدىن كېيىن، بەزىلىرىنىڭ پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىدە بۇرۇلۇش ھاسىل بولغان. مەيلى مىرزا لۇتفۇللاھ خاننىڭ كىتابى بولسۇن ياكى باشقا ماتېرىياللاردا بولسۇن، ئافغانىغا قارشى تەرەپتە تۇرۇپ باھا بېرىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئۇچۇق دەلىل يوق. گەرچە بۇ ئەسەرلەردە ئافغانى ئىرانلىق ۋە شىئە دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتىمۇ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسلىرى يوق. ئافغانىنىڭ يېنىدا غەيرى مۇسۇلمانلار ۋە دىنسىزلارنىڭ بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ”پاسىق“ دېگەن بەدنام بىلەن ئىستانبۇلدىن قوغلانغانلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، كەددىئە ۋە كەدۇئېرىيەگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئۈستىدىن دىنسىز ياكى پاسىق دەپ

ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. مىرزا لۇتفۇللاھنىڭ كىتابىنىڭ ئويىدۇرما ئىكەنلىكى، باشقا ئەجنەبىي ۋە غەيرى مۇسۇلمان يازغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتچان ۋە غەرەزلىك مۇئامىلە قىلغانلىقى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ زامانىۋى ئىشغالىيەتكە ۋە بېسىملارغا قارشى ئىسيانكار روھىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئامېرىكا مەخپىي ئاخبارات تەشكىلاتى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغانلىقى ئالغا سۈرۈلمەكتە. مانا بۇ باھا ۋە كۆز قاراشلار ئالدىدا، ئافغانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان ۋاقىتتا، سىياسىي تەسىر، دۈشمەنلىك ياكى ھەددىدىن زىيادە ھۆرمەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھېسسىي ئىبارىلەرگە، ئوچۇق ئىپادە، گۇۋاھلىق، پائالىيەتلەر ۋە تەسىرلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەبىرلەرگە تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.

**ئىلاۋە: ماسون ـ دۇنيانىڭ كۆپلىگەن يېرىدە مەخپىي تۈردە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئازادلىق، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان، 6 ـ 7 ئەزادىن تەركىب تاپقان ۋە ئەزالىرى ئارىسىدا ناھايىتى يېقىن ھەمكارلىق مۇناسىۋەتى ئورنىتىلغان، "لوجا" دەپ ئاتالغان گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان، ئەزالارنىڭ بىر ـ بىرىنى ماسونلۇققا خاس ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن تونۇيدىغان مەخپىي تەشكىلات.**